

AltunOq

# تارىم غۇنچىلىرى

3
1985



ئاچارچىلىقتىكى باللار (گېرمانىيە) كېسر كورىۋجېر

1985 - يىل 3 - سان
(ئومۇمىي 18 - سان)


| بۆلۈم | ماۋزۇ | بەت |
| --- | --- | --- |
| ئەدەبىيات گۈلزارى | «تارىم غۇنچىلىرى» نىڭ بىر غۇنچىسى | 3 |
| | بوۋاينىڭ ۋەسىيىتى | 9 |
| | تەختىنىڭ پۇشايمىنى | 11 |
| | ئەمگەكچىنىڭ ئوغلى | 14 |
| | سوراق | 19 |
| بۈگۈنكى دۇنيا | چەتئەللەردە ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەش | 23 |
| | سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجادچانلىقىنى قانداق يېتىشتۈرۈلىدۇ | 25 |
| | سون ۋۇكۇڭنىڭ ئاتوم دۇنياسىنى قالايمىقان قىلىشى | 26 |
| | ئەنگلىيە مەكتەپلىرىدىكى تەن جازاسى | 33 |
| زېمىنىمىزدا | شىنجاڭنىڭ يانتاق شېكىرى | 34 |
| | كۇئېنلۇن | 36 |
| چەتئەل باللار ئەدەبىياتى | كېتىپ ۋە ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى | 39 |
| بىلىۋالىڭ | دەرس ۋاقتىدا رادىيو ئاڭلاشقا بولامدۇ؟ | 52 |
| | قانداق ئورۇنلاردا ھەر كۈنى دۆلەت بايرىقى چىقىرىلىدۇ؟ | 54 |
| | سان قۇيرۇقىنىڭ رولى | 55 |
| | ھايۋانلار تېنىدىكى پاراژىت | 60 |
| | چىلان دەرىخىدىكى خاسىيەت | 60 |
| | قەلەمنىڭ ھايچۈرىنى ئوراپ ئاچقىلى بولمىسا قانداق قىلىش كېرەك؟ | 61 |

| | | |
|---|---|---|
| ئەلا تاپا شۇرۇقلار | ھالەت | 62 |
| | چېچەنزىغا توللىي قىقىم جاشلاش | 65 |
| مەشھۇر كەشپىياتلار | چېركاۋ مۇنارىسىدىن تۆۋەنگە | 68 |
| | ئات ھارۋىسى ۋە ئاپتوموبىل | 71 |
| دانىشمەن ئەسىردىن ئەپەندى | يەر شارىنىڭ مەركىزى نەدە؟ | 73 |
| | يەر شارىدا شىمال بىلەن جەنۇبنىڭ چېگراسى نەدە؟ | 73 |
| | يەر شارىنىڭ ئۈستى تەرىپى ۋە تۆۋەن تەرىپى بولامدۇ؟ | 74 |
| | ئايدا نېمە ئۈچۈن ئادەم يوق؟ | 74 |
| | زوھرە يۇلتۇزىدا تاغ بارمۇ؟ | 74 |
| تالانت جاپالىق ئەجىردىن كېلىدۇ | غەربكە مېڭىپ شەرقتىن كېلىدۇ | 76 |
| | توخۇمنى تىك تۇرغۇزۇش | 79 |
| | چىش ۋە تىل | 82 |
| | چاقماق ۋە چاقماق نۇرى | 83 |
| بالىلار ئويۇنلىرى | رەڭگىنى بىلەن قارىما ئېيتىش | 84 |
| | توخۇمنى سۇ ئىچىدە مۇئەللەق تۇرغۇزۇش | 85 |
| | توخۇمنى ئىستاكاندا چۆكتۈرۈش | 87 |
| | جاۋۇردىن نۇر ئېلىش | 86 |
| | كۆپىنچە ئۈزۈلمەيدىغان يىپ | 87 |
| سالامەت بولۇڭ | نېمە ئۈچۈن بەزىدە گال ئاغرىپ قالىدۇ | 88 |
| | ئالمان سۆزلەش سالامەتلىككە زىيانلىق | 88 |
| | ئادەمنى ھەددىدىن كۆپ يېسە زېھنى ئاجىزلىشىدۇ | 89 |
| تېپىشماقلار | سىرلىق تەۋرە تېپى | 91 |
| | ئۇ قانداق قىلىپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلدى؟ | 92 |
| | مۇغەمبەر تۈلكە | 94 |
| زېھىن سىناش مۇسابىقىسى | 1 ـ دەرىجىلىك سوئال | 96 |
| | 2 ـ دەرىجىلىك سوئال | 96 |


مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: مېھرىبان ئانا — ماھمۇر قاسىم
مۇقاۋىنىڭ 4 ـ بېتىدە: ياپلاقتىكى بالىلار

## «تارىم غۇنچىلىرى» نىڭ بىر غۇنچىسى

(ھېكايە)

**ئەنۋەر داۋۇت**

سۆگەك ۋە تۆمۈر-تەسەكلەر سېلىنغان كونا سېۋەتنى كۆتىرىۋالغان ئالىم كوچىدىن قايتىپ كېلىۋاتاتتى. قىش كېلىپ قالغان ئىدى، ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى ئەتراپنى شالاڭ قىرولار قاپلايدىغان بولىدى. يالىڭاچلىنىپ قالغان دەرەخ شاخلىرىنىڭ ئۇ يەر-بۇ يەرلىرىدىكى يوپۇرماقلار غۇر-غۇر شامالدا تىترەپ، ھەللىلا ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك



قىلاتتى. يازدىكى يېشىللىق تەلەرگىدۇ يوقالغان ئىدى.

ئالىم ئۆيگە يېتىپ كەلدى. ئۇ، سېۋەتنى پەشايۋانغا قويۇپ ئىشىكنى ئېچىشى بىلەنلا، ئۆيدىكى ئىسسىق ھاۋا تالاغا ئاپپاق ھور بولۇپ ئېتىلىپ چىقتى.

چوڭ كوچىدىكى يېڭى سېلىنىۋاتقان قورۇلۇشتا قوم تاشقۇچى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئاپىسى تېخى ئىشتىن كەلمىگەن ئىدى، ئالىم ئاغرىق ئۆكسىنى ئويغىتىپ قويماسلىققا تىرىشىپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسىگەن پېتى مەشنىڭ ئالدىغا باردى-دە، ئولتۇرۇپ خىيالغا چۆمدى. بۈگۈندىن بىر ھەپتە بۇرۇن مەكتەپتە بولغان بىر ۋەقە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كىنو لېنتىلىرىدەك ئۆتۈشكە باشلىدى.

× × ×

— ژورنالغا يېزىلامسەن ئالىم؟

— «تارىم غۇنچىلىرى» دېگەن ژورنال چىقىپتۇ.

— ئۇ، بالىلارنىڭلا ژورنىلى ئىكەن.

ئالىم مەكتەپ بىناسى ئالدىغا كېلىشى بىلەنلا، تام گېزىتى چىقىرىدىغان چوڭ تاختا ئالدىغا توپلىشىپ چۇقۇرىشىۋاتقان ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭغا بۇ خۇش خەۋەرنى يەتكۈزدى. «تارىم غۇنچىلىرى» ژورنىلىغا مۇشتىرى بولۇش توغرىسىدا چىقىرىلغان ئېلان، ئۇ كۈنلا مەكتەپ ئىچىنى بىر ئالغان ئىدى. ئالىمنىڭ ساۋاقداشلىرى ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي سۆزلىشەتتى.

— ئاپامدىن ئىككى كوي، يەتتە مو. ئالتە پۇڭ ئالىمەن. بىر يىللىق مۇشتىرى بولىمەن دېسەملا ئاپام پۇل بېرىۋېرىدۇ...



AltunOq

— مەن دادامدىن ئالىمەن،
— مەن ئاكامدىن...
بۇ پاراڭلار گاھىدا ژۇرنالنىڭ سەھىپىلىرىگە كۆچۈپ قالاتتى.
— ژۇرنالدىكى دانىشمەن ئەسىردىن ئەپەندى بىز بىلمىگەن نەرسىلەرگە جاۋاپ بەرگۈدەك.
— «يۇگۇنكى دۇنيا» دىگەن سەھىپىسىدە چەتئەللەردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىنى بىزگە تونۇشتۇرىدىكەن.
— بۇ ژۇرنالدا قىزىقارلىق ھىكايە، شېئىر، چۆچەكلەرمۇ بار ئىكەن ـ ھە!
— قالىس ژۇرنال ئىكەن جۇمۇ!
بۇنداق پاراڭلار قانچىكى كۆپەيگەنسېرى ئالىم شۇنچە تەقەززا بولاتتى. ساۋاقدىشى ئىلھام دىمىغىنى قېقىپ تۇرۇپ: «مېنىڭ دادام سودىگەر، پۇل دىگەن بىزدە جىق. بىز ھەممە نەرسىنى سېتىۋالالايمىز» دەپ لاپ ئۇرغىنىدا، ئالىم ئۆلۈپ كەتكەن دادىسىنى ئەسلەپ، كۆزىگە لىپپىدە ياش ئالدى. ئەمما، ئۇنىڭمۇ باشقىلارغا ئوخشاش ژۇرنالغا يېزىلغۇسى بەكمۇ كېلىۋاتاتتى. «قاتاردىن قالغىچە ـ خاتادىن قال» دىگەندەك، باشقا بالىلاردىن تۆۋەن تۇرۇشقا ئۇنىڭ بالىلىق غۇرۇرى زادىلا يول قويمايتتى، «دادىسى يوق بالىلار پۇل تاپالمامدىكەن؟ ھەممە نەرسىگە ئاتا ـ ئانىسىدىن پۇل سوراش ياخشى ئەمەس»
ئائىلە ئەھۋالى ئۆزىگە ئايان بولغان ئالىمنىڭ كۆڭلىگە بىر ئەقىل كەلدى. بۇ ئەقىل ئۇنىڭ بوش ۋاقىتلاردا ئاللىقاياقلارغا يوقاپ كېتىشىگە سەۋەپ بولدى.
مانا ھازىر ئۇنىڭ مەيدە يانچۇقىدا! سۆڭەك ۋە تۆ

مۇر-تەسەكلەرنى يىغىپ سېتىپ تاپقان بىر كوي سەككىزمو يەتتە يۈەنگە توختاپتۇ، «ئىندىمىلىكتىن قالسام ژورنالغا يېزىلال-مايمەن» دەپ پىچىرلىدى ئالىم ئۆزىگە-ئۆزى ۋە ئىككى كۈن ئىچىدە سەككىز مو توققۇز يۈەن تېپىش ئۈچۈن، قەيەر-گە بېرىپ ئەسكى-تۈسكى تېرىش ھەققىدە ئويلىنىشقا باشلىدى.

ئىشىك ئېچىلىپ، ئايىسىنىڭ ئۆيگە كىرىپ كېلىشى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلىۋەتتى. توغرا! سۇ قالمىغانلىقى ئېسىگە چۈشكەن ئالىم، سۇ ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئالدىراپ تالاغا ماڭدى.

× × ×

چۈشتىن كېيىنكى تەكرار ۋاقتى. سىنىپ جىمجىتلىققا چۆمگەن ئىدى. ئوقۇتقۇچى پارتىلارنى ئارىلاپ ساۋاقداشلار-نىڭ دەرس تەكرارلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىۋاتاتتى. ھەر كۈنى تەكراردىن قالمايدىغان ئالىم بۈگۈن نېمىشقىدۇ يوق ئىدى. قايتىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى. ئالىم تېخىچە كەلمىدى.

— بۈگۈن «ئەدەبىي غۇنچىلىرى» ژورنىلىغا مۇشتەرى بولۇشنىڭ ئاخىرقى كۈنى. يەنە قايسىلار قالدىڭلار؟ — ئوقۇتقۇچى ئۆتۈنگۈنكى سۆزىنى قايتا تەكرارلىدى، — دەرسلىك كىتاپتىن باشقا ماتېرىياللارنى ئوقۇمايدىغان ئوقۇغۇچىنىڭ ئومۇمى ساۋات بىلىمى كەم بولىدۇ. بۇ ژورنال ئوقۇتۇش ئىشلىرىمىزغىمۇ ناھايىتى ماس كېلىدۇ. بۈگۈندىن قالغانلار بۇ ژورنالغا يېزىلالمايسىلەر.

— سىنىپىمىزدىن ئالىملا قالدى، — دېدى ئۈگىنىش باشلىقى ئورنىدىن تۇرۇپ.

— نېمشقا يېزىلمايدىكەن ئۇ؟

— ئۇنىڭ دادىسى يوق. ئاپىسى ۋاقىتلىق ئىشچى،

— ئالىم ئۆزى قېنى؟ — ئوقۇتقۇچى باللارغا سەپسالغاچ ئالدىراپ سورىدى.

«تاك... تاك... تاك» تويۇقسىز ئىشىك چېكىلدى.

— كىرىڭ.

ئوقۇتقۇچى رۇخسەت قىلىشى بىلەنلا، ئالىم ھاسىرىغان ھالدا سىنىپقا كىرىپ كەلدى-دە:

— پۇل ئەپكەلدىم، مانا... — دېدى.

— نەدىن پۇل تاپتىڭ؟ — ئوقۇتقۇچى ھەم قىزىققان ھەم ئىچ ئاغرىتقان ھالدا سورىدى ئۇنىڭدىن.

— ئۇستىخان، تۆمۈر-تەسەك تېرىپ ساتتىم... — ئالىم مەمنۇنىيەت ئەكس ئېتىپ تۇرغان يوغان كۆزلىرىنى ئوقۇتقۇچىسىغا تىكتى.

— مانا ھازىر خەتلىۋېتەي، — دېدى ئوقۇتقۇچى ھاياجانلانغان ھالدا.

ئوقۇتقۇچى ئالىم تەڭلىگەن بىر سىقىم پارچە پۇللارنى ئېلىپ ساناپ بولغاندىن كېيىن، جەدۋەلگە ئالىمنىڭ ئىسمىنى چوڭ قىلىپ يازدى-دە، ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ ئۈنلۈك ئاۋازدا سۆزلىدى:

— مانا كۆرۈۋاتىسىلەر ساۋاقداشلار، ھەممىڭلارنىڭ ئانا-ئانىسى بار، ئۇلار سىلەرگە پۇل بېرىپتۇ، ئالىمچۇ؟ ئۇنىڭ دادىسى يوق، ئائىلىسىدە قىيىنچىلىق كۆپ ئىكەن؛ ئۇ مۇشۇنداق قىيىن ئەھۋالدا، تۆمۈر-تەسەك، سۆڭەك تېرىپ سېتىپ پۇل يىغىپتۇ. ھەممە ئىشتا ئاتا-ئانىسىغا تايىنىۋېلىش ياخشى ئادەت ئەمەس. ئالىمنىڭ بۇنداق تىرىشچانلىق روھى ھەممىمىزنىڭ ئۆگىنىشىگە ئەرزىيدۇ!...

ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆزى ئاياقلاشقىچە بىلەنلا يۈمران قوللاردىن چىققان قىزغىن چاۋاكلار سىنىپنى بىر ئالدى. ساۋاقداشلار گۈررىدە ئالىمنىڭ ئالدىغا بىرىپ، ئۇنى تەبرىكلەشتى:

— ئەمدى سەنمۇ مۇشتىرى بولدۇڭ!

— بىزنىڭ سىنىپتا مۇشتىرى بولمىغان ھېچكىم قالمىدى.

— ھەممىمىز سەندىن ئۆگىنىمىز!

— ئۆگىنىمىز!...

بۇ ماختاشلاردىن توقايسىزلانغان ئالىم دوستلىرىغا شۇنداق دىدى:

— مەن سىلەردىن ئۆگەنسەم بولىدۇ. سىلەر بۇ ژۇرنالغا مۇشتىرى بولۇشقا قىزىقمىساڭلار مەنمۇ مۇشتىرى بولالمايتتىم. بۇندىن كىيىن ھەممە ئىشتا سىلەر بىلەن تەڭ ماڭىمەن... چۈنكى، مەنمۇ «تارىم غۇنچىلىرى» نىڭ بىر غۇنچىسى!






**ئابلەھەت روزىيوپ**

بۇرۇن-قەدىم زاماندا،
ئۆتكەن ئىكەن بىر بوۋاي.
بىر كۈن ئىككى ئوغلىنى،
چاقىرتىپتۇ خۇشچىراي،
ئۇ سېۋەتنى كۆرسىتىپ،
دەپتۇ: «مۇشۇ سېۋەتتە
لىق سۇ ئېلىپ كېلىڭلار،
ئۆستەڭدىن تېز پۇرسەتتە،»
غىلىڭ قىلالماي ئوغۇللار،
كەپتۇ ئۆستەڭ بويىغا.
تويلىنىپتۇ بىر ئۇزاق،
قاراپتۇ ئوڭ، سولغا.
دەپتۇ بىر چاغ ئۇكىسى:
«تاپتىم، ئاكا، ئامالنى.
ئەپ كېلەيلى خاماندىن،
ئازراق توپان-ساماننى،
بىز سېۋەتنى سۇۋايلى،

سامان بىلەن لاي قىلىپ،
ئاندىن تۆپىگە بارايلى،
سېۋەتكە لىق سۇ ئېلىپ»

..................................

سېۋەتكە سۇ توشقۇزۇپ،
قايتىشىپتۇ ئۆيىگە.
بوۋاي قايىل بولۇپتۇ،
ئوغۇللارنىڭ پەمگە.
«ئامال قىلساڭ، — دەپتۇ ئۇ، —
سېۋەتتە سۇ توختايدۇ.
بولساڭ ماھىر ئامالغا،
ھەممە ئىشىڭ ئوڭشايدۇ،
ئامال-چارە تېپىشقا،
ئەقىل كېرەك، دىت كېرەك.
بۇنىڭ يولى-ئۆگىنىش،
يوقتۇر ئۆزگە يول بۆلەك.»

## يۇمۇر

A: مېنىڭ دادام سەھەر تۇرۇپ، ھويلا-ئارامدا ئىش قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ بەك تېتىك.

B: مېنىڭ دادام چۈشكىچە ئۇخلىغاچقا، كەم سۆز، ئېغىر بېسىق.



# ئەخمەتنىڭ پۇشايمىنى

(ھېكايە)

نىجات ئەخمەت


(غۇلجا شەھەرلىك 7 - ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇقسىز 2 - يىللىق 3 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)

ئەخمەت باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 4 - يىللىقىدا ئوقۇيتتى، ئۇ دەرسلەردە ئەلاچى ئىدى. بىراق، ئۇنىڭ چوڭ بىر ئەيىبى بار — ئۇ كوچىدا كېتىۋاتقان ماشىنىنىڭ كەينىگە ئېسىلىپ ماڭىدۇ، بۇ ئەيىبىنى دادىسى ۋە مۇئەللىملىرىمۇ تولا دەپ ئۇگىتىيالمىدى. بۇنداق سۆزلەر ئۇنىڭ ئوڭ قۇلىقىدىن كىرىپ، سول قۇلىقىدىن چىقىپ كېتەتتى.

ياز ئايلىرىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى، ئەخمەت مەكتەپتىن قايتىپ كوچىغا چىقتى. ئۇ تۆت تەرەپكە قارىۋىدى، ماشىنا تۇرماق بىرەر ئېشەك ھارۋىمۇ كۆرۈنمەيدى. ئەخمەت رەنجىگەن ھالدا ئۆز - ئۆزىگە بىرنېمىلەرنى دەپ غودۇڭشىدى - دە، ئۆيىگە ماڭدى. ئۇ، شۇنداق خىياللار بىلەن ئۆيىنىڭ ئىشىگى ئالدىغا كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمەي قالدى. ئۇ قوراغا كىرىپ دادىسىنىڭ تام تۈۋىدە تۇرغان ۋەلسىپىتىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ، ئۆيگە ئالدىراپ كىرىپ، چېيىنى ھاپىلا - شاپىلا ئىچتى - دە، ھويلىدىكى ۋەلسىپىتنى ئېلىپ چوڭ كوچىغا چىقتى. ئەخمەت ۋەلسىپىتنى مىنەي دەپ تۇرۇشىغا، ئارقىسىدىن ماشىنا ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۇ ئۆز كۆڭلىدە بىر نەرسىلەرنى

ئۆيلىدى-دە، قولىدىن بىر قاس چىقاردى ۋە ۋەلسىپىتكە مىندى، ماشىنا ئەمدىلا ئۈنىڭ ئالدىغا ئۆتۈشىگە، ئەخەت بىر قولى بىلەن كاپلا قىنىپ كوزۇپنىڭ بىر بۇرجىكىنى تۇتتى-دە، بىر قولىدا ۋەلسىپىت رولىنى باشقۇردى. ئۇ شامالدا گويا ئاسماندا ئۇچۇۋاتقاندەك ھوزۇرلىناتتى. ئەخەت تازا خوشال كېتىۋاتقاندا، ۋەلسىپىتنىڭ چاقى بىر پارچە تاشقا ئۇرۇلدى، ئەخەتنىڭ قولى كوزۇپتىن ئاجراپ ۋەلسىپىت ياندىكى تاش ئۆستەڭگە كىرىپ كەتتى، تاش ئۆستەڭدىكى سۇ بىردەمدىلا قىزىل رەڭگە ئۆزگەردى، ئەتراپتا تۇرغانلار ئەخەتنى تاش ئۆس-تەڭدىن سۇزۇپ ئالدى. بىردەمدىن دادىسى قاسىم ئاكىنى چاقىرىپ كەلدى. ئەخەتنىڭ ئوڭ قاپىقى يېرىلغان ئىدى. بىچارە قاسىم ئاكا ئەخەتنى يۈدۈپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى. دوختۇرلار ئۇنىڭ قاپىقىنى ئون نەچچە يىپ بىلەن تىكتى. ئەخەت ئىككى ھەپتىدىن كېيىن، دوختۇرخانىدىن چىقتى. ئۇ دادىسىغا ماشىنىغا ئېسىلىۋالىق توغرىسىدا جىق ۋەدە بەردى...

قىش كۈنلىرىنىڭ بىرى. پۈتۈن جاھان ئاپپاق مامۇقتىن تون كىيگەن ئىدى. ئەخەت مەكتەپتىن قايتتى. ئۇنىڭ يۈزى سوغاقتىن توغاچتەك قىزىرىپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ كۆزىنىڭ يېنىدا بىلىنەر-بىلىنمەس بىر تاتۇق بار ئىدى. بۈگۈندىكى قىپ-قىزىل گالستۇكى بولسا شامالدا توختىماي يەلپۈنۈپ تۇراتتى، يازدىكى ھىلىقى ئىشلار ئۇنىڭ ئېسىدىن كۆتىرىلىپ كەتكەنمىكىن-تاڭ! بىر ماشىنا كېلىۋىدى، ئەخەت يەنە ماشىنىنىڭ ئارقىسىغا ئېسىلدى. ئۇ تازا خوشال كېتىپ باراتتى. ئۇ، ئۆيىگە يېقىنلىشىپ قالغاندا، دادىسىنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدى-دە، ماشىنىدىن قولىنى



ئاجراتتى. بىراق، ئۇنىڭ گالستۇكى كوزۇپنىڭ گىرۋە- گىدىكى بىر ئىلـ ـمەك تۆمۈرگە ئىلىنىپ قالغان ئى- دى، ئەخمەت چاقنا- لىق بىلەن ماشىنىنى يەنە تەۋرىتىۋالدى.

ئۇ گالستۇكنى چىقارماقچى بولۇپ خېلى ھەپىلەشتى، ئەمما گالستۇكى بارغانسېرى چىڭىپ كەتتى. قېرىشقاندەك ماشىنىمۇ ئىتتىكلەپ كەتتى. ئەمدى ئۇ ئۆزىدىن ئەنسىرەشكە باشلىدى.

ماشىنا چوڭ كوچىغا چىقتى-دە، تېخىمۇ ئىتتىك مېڭىشقا باشلىدى. ماشىنا بىر كاتەككە چۈشۈشى بىلەن ئەخمەتنىڭ قولى كوزۇپتىن ئاجراپ كەتتى-دە، دۈررۈلۈپ قالدى. بۇنى كۆرگەن ئەتراپتىكى كىشىلەر ۋاقىرىشاتتى. ماشىنا بىر كاتەكتە قاتتىق جالاقشىدى، ئەخمەت: «ۋايجان» دەپلا ھوشىدىن كەتتى. ماشىنا ئاخىر توختىدى. ئەخمەتنىڭ يۈزىدىن شورۇلداپ ئاققان قاندا ئاپپاق قار بىردەمدىلا قىپ-قىزىل رەڭ ئالدى...

دوختۇرلارنىڭ جىددى قۇتقۇزۇشى ئارقىسىدا ئەخمەت ھايات قالدى. بىراق، ئۇ بىر پۇتىدىن ئايرىلدى.

× × ×

دوختۇر كارۋىتىدا ئىنجىقلاپ ياتقان ئەخمەت شۇنداق ئويلايتتى: ئاشۇ يازدىكى ئىشتىن ئاچچىق ساۋاق ئالغان بولسام، بۈگۈنلۈكتە ئوقۇشتىن قالماس بولغىيتتىم، ئۇنىڭ قاپ-قارا كۆزلىرىدىن توختىماستىن ياش تۆكۈلەتتى.

# لەگپۇڭچىنىڭ ئوغلى

(ھېكايە)

قادىر ئارسلان


ئايىمخان ئانا دالانىڭ ئىشىگىنى ئېچىشىغا، مېھمانخانا ئۆيدىن باللارنىڭ كۈلكە ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ ئاشخانىغا كىرىپ كۆكتات سېلىنغان تور سومكىنى ئۈستەل ئاستىغا قويدى-دە:

— ئەكبەرجان بالام، نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ — دېگىنىچە مېھمانخانىغا كىرىپ كەلدى-يۇ، دەرھال رەڭگى ئۆچۈپ كەتتى. ئەكبەر بىر بالا بىلەن سافادا رەسىملىك كىتاب كۆرۈپ ئولتۇراتتى. بۇ بالىنىڭ ئۈستىۋېشى كونا بولۇپ، چۈخېمىنىڭ تۇمشۇقىدىكى يىرتىقتىن پۇتىنىڭ بارمىقى ماراپ تۇراتتى. سىرلانغان پولدا چۈخىسىنىڭ ئىزلىرى تامغا باسقاندەك بىرنەچچە يەرگە چۈشۈپ قالغان ئىدى. بالا ئايىمخان ئانىنى كۆرۈپ بىر پەس تېڭىرقاپ قالدى، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئەدەپ بىلەن سالام بېرىپ يەنە سافاغا ئولتۇردى. بىراق ئايىمخان ئانا ئۇنىڭغا ئانچە ئېرەن قىلمىدى-دە، ئەكبەرگە قاراپ:

— بالام، نېمە ئىش بۇ؟ ئۆينى پاسكىنا قىلىپ... — دەپ كايىشقا باشلىدى.



AltunOq



— ئاپا، بۇ مېنىڭ دوستۇم ئەخمەت، — دېدى ئەكبەر قىزغىنلىق بىلەن، — ئىككىمىز بىر پارتىدا ئولتۇرىمىز... مەن ئۆيگە باشلاپ كەلدىم. مەكتەپتىن كەلگىچە لەگپۇڭ يىدۇق.

— لەگپۇڭ؟

— ھەئە، ئەخمەتنىڭ ئاپىسى كۆكتات بازىرىنىڭ دوقمۇشىدا[1] لەگپۇڭ ساتىدىكەن... يېمەيمەن دېسەم ئۇنىماي تۇرۇۋالدى. ئىككى تەخسە يەۋەتتىم.

ئايىمخان ئانىنىڭ ئەرۋايى ئۇچقان ھالدا[1]:

— پۇلىنى بەردىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياق... ئالغىلى ئۇنىمىدى. ئەخمەتنىڭ ئاپىسى لەگپۇڭدىن ئاپىمىزغىمۇ ئالغاچ بېرىڭلار دېگەن، ئۇنىمىدىم.

— ئالغاچ كەلمەگچۇ! — دېدى ئايىمخان ئانا تەنە قىلىپ، ئاندىن ئۇ يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ ئىككى موچەنلىك پۇلدىن ئىككىنى ئالدى-دە، ئوڭايسىزلانغان ھالدا بېشىنى تۆۋەن سې-لىپ ئولتۇرغان ئەخمەتنىڭ قولىغا زەردە بىلەن تۇتقۇزۇپ قويدى:

— مانا، ئەكبەر يىگەن لەگىيۈگىنىڭ پۇلى!

ئوت تۇتۇۋالغاندەك چۆچۈپ كەتكەن ئەخمەت ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى-دە، ياشقا تولغان كۆزلىرى بىلەن ئايىخان ئانىغا قارىدى، ئاندىن ئۇ پۇلنى ساقا ئۈستىدە ياتقان رەسىملىك كىتاپنىڭ ئۈستىگە ئاستا قويۇپ قويدى-دە، يۈگۈرگەن پېتى ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ئەخمەت پەلەمپەيدىن چۈشۈۋاتقاندا، ئايىخان ئانىنىڭ: «سەن كىمنىڭ بالىسى ھە؟ نەدىكى لەگىيۈگىچىلەرنىڭ پاسكىنا بالىلىرى بىلەن ئارىلىشىپ يۈرگىنىنى قارا بۇنىڭ... ساڭا يامان ئىشتىن باشقىنى ئۆگەتمەيدۇ ئۇلار...» دەپ ۋاقىراۋاتقانلىقى ئاڭلاندى.

× × ×

ئۇن پونكىتىدا ئۈچىرەت كۈتۈپ ئۇزاق ھايال بولۇپ قالغان ئايىخان ئانا بىر خالتا ئۇننى كۆتىرىپ سىرتقا چىققاندا، شارىلداپ يامغۇر يېغىۋاتاتتى. «ۋاي ئىست. ئەتىگەن ھاۋا بۇلۇتلۇق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇپ بىر پارچە كىلىيونكا ئالغاچ كەلمەپتىمەن... ئەكبەرنىڭ دادىسى ھە دېسە سىرتقا ماڭغىنى ماڭغان، جېمى ئىش مەن بىچارىنىڭ بويىندا...» ئايىخان ئانا ئىچىدە قاخشىغىنىچە خالتىنى تۆت چاقلىق كىچىككىنە ھارۋىسىغا سېلىپ يولغا چۈشتى.

يامغۇر شارىلدايتتى. بىردەمدىلا خالتىنىڭ ئۈستى نەملەشتى. «ۋاي خۇدايىم، بىر خالتا ئۇن خېمىر بولۇپ كېتىدىغان بولدىغۇ» ئايىخان ئانا ئۈستىۋېشىنى سىلىدى. بىراق ئۇ چاپان كىيمىگەن ئىدى، ئەتراپتا پانالانغىدەك

يەرمۇ كۆرۈنمىدى. دەل شۇ چاغدا ھارۋا ئۈستىگە «شارت» قىلىپ يېپىلغان كىلىيونكىنىڭ ئاۋازى ئايىمخان ئانىنى چۆچۈتىۋەتتى.

ئايىمخان ئانا ھارۋا يېنىدا تۇرغان بىر ئوغۇل بالىنى كۆردى. بىردىنلا ئۇ بالىنىڭ بېشىنى كۆتىرىپ ئايىمخان ئانىغا لەپپىدە قارىدى-دە، قىزارغان ھالدا كۈلۈمسىرەپ قويدى.

«بۇ ئەخمەتتۇ!» شۇ پىكىر كاللىسىغا كېلىش بىلەن تەڭلا ئايىمخان ئانىنىڭ ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتتى. «ھە، ئۇ ماڭا ياردەم بەرمەكچى بوپتۇ-دە».

دەرۋەقە، ئەخمەت بېشىدىكى كىلىيونكىنى ئېلىپ ھارۋىنىڭ ئۈستىگە يېپىۋاتاتتى. ئۇ كىلىيونكىنىڭ چەتلىرىنى خالتىنىڭ ئاستىغا ئەپچىللىك بىلەن باستۇردى. ئاندىن ھارۋىنىڭ تانىسىنى ئايىمخان ئانىنىڭ قولىدىن ئاستا ئېلىپ، ئۈن-تىنسىز ھالدا ئالغا قاراپ ماڭدى.

ئايىمخان ئانا ئۆتكەندىكى ئىشنى تۆپەيلىدىن بولسا كېرەك، ھودۇقۇپ قېلىپ نېمە دېيىشىنى بىلمىگەن ھالدا ئۇنىڭ يېنىدا ماڭدى. ئەخمەتنىڭ ئۈستىۋېشى چىلىق-چىلىق ھۆل بولۇپ كەتتى، ھىلىقى تۇمشۇقى تۆشۈك چۇخىيىمۇ سۇ بولۇپ مىچىلداپ كەتكەن ئىدى. شۇ تاپتا ئايىمخان ئانا ئۇنىڭ بىرەر ئېغىز سۆز قىلىشىنى قانچە ئارزۇ قىلاتتى... ھە! بىراق، ئەخمەت يەنىلا ئۈن-تىنسىز كېتىۋاتاتتى.

بىنا ئالدىغا كەلگەندە ئەخمەت كۆچەپ تۇرۇپ خالتىنى كىلىيونكا بىلەنلا كۆتەردى-دە، بىنانىڭ ئىشىكىدىن كىرىپ يەرگە قويدى ۋە كىلىيونكىنى ئېلىپ بېشىغا يېپىندى،



— ئەخمەتجان، تۆۋەنگە كەل، ئۈستىۋېشىڭىزنى قۇرۇتۇۋېلىڭ، ئەكبەر تۆۋەندە... — ئايشەمخان ئانىنىڭ سۆزى ئاخىرلاشمىغان، ئەخمەت بىنا ئىشىكىدىن چىقىپ دوقمۇشتىن قايرىلدى-دە، كۆزدىن غايىپ بولدى.

بىنا ئىشىكىدىن ئالدىراپ چىققان ئايشەمخان ئانا دوقمۇش تەرەپكە قارىغىنىچە تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە: «نەدىكى لەگىلەكچىلەرنىڭ پاسكىنا! بالىلىرى بىلەن ئارىلىشىپ يۈرگىنىنى قارا بۇنىڭ... ساڭا يامان ئىشتىن باشقىنى ئۆگەتمەيدۇ ئۇلار» دېگەن سۆزلەر جاراڭلاپ، خۇددى قاتتىق يېغىۋاتقان يامغۇرنىڭ شارىلدىشىدەك يېقىمسىز ئاڭلاندى.

ئايشەمخان ئانا ئۆتكەنكى ئىشىغا پۇشايمان قىلىپ، كۆزىگە ياش ئالدى.

## سوراق

سوتچى: جاۋاپكار ئېلىپ كىرىلسۇن!

قانۇن ساقچىسى: خوپ. (جىنايەتچىنى باشلاپ ئېلىپ كىرىدۇ)

سوتچى: ئىسمىڭ نېمە؟

جاۋاپكار: دېزىنتېرىيە تاياقچە باكتېرىيىسى.

سوتچى: ئۆيۈڭ نەدە؟

جاۋاپكار: ئەسلى تۇرۇشلۇق جايىم دېزىنتېرىيە كېسىلى بىلەن ئاغرىغان ئادەمنىڭ ئۈچەيلىرىنىڭ ئىچىدە. ئۇ يەردىن چىققاندىن كېيىن ھەممە يەردە سەيلە قىلىمەن، پۈتۈن دۇنيا مېنىڭ ماكانىم.

سوتچى: ئېنىقراق ئېيت! تولا گەپدانلىق قىلما.

جاۋاپكار: دېزىنتېرىيە كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ قولى، كىيىم - كېچەكلىرى، يوتقان - كۆرپە- لىرى، ئورۇندۇقى، ياتقىنىڭ ئىشىك تۇت- قۇچى، ئېشىپ قالغان تامىقى، كېسەل كىشىنىڭ قۇسۇقى ۋە چوڭ تەرىتى بۇلغىغان سۇلار، ھەممە بازارلاردىكى ھەر خىل كۆك- تاتلار، مېۋە - چېۋىلەر، پىششىق يېمەكلىكلەر، ئاشخانىلاردا دېزىنفېكسىيە قىلىنمىغان چىنە- تەخسە، قوشۇق - چوكىلار، پاكىز يۇيۇلمىغان دەسماللار... مانا ئاساسلىقى مۇشۇ يەرلەردە.


Altun0q

سوتچى: ئۆزەڭغۇ كىچىككىنە نىمكەنسەن، يا يۇتۇك، يا قانىتىڭ بولمىسا قانداقلارچە ئۇ يەرلەرگە بارالىدىڭ؟

جاۋاپكار: جانابى باشلىق، پەقەت پۈتۈنلەي دوست-يارەنلەرنىڭ ياردىمىگە تايىنىدۇ!

سوتچى: دوست-بۇرادەرلىرىڭ كىم؟ راستىڭنى ئېيت!

جاۋاپكار: ئەڭ يېقىن دوستلىرىم، دېزىنتېرىيە كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ تۇرۇۋېتىپمۇ كېسىلىنىڭ باشقىلارغا يۇقۇپ قېلىشىنى ئويلىمايدىغانلار...

سوتچى: يالغان! كېسەللەر سېنىڭ زىيانكەشلىكىڭگە ئۇچرىغانلار، سەن ئۇلارنىڭ دۈشمىنى تۇرساڭ، ئۇلار قانداقسىگە سېنىڭ يېقىن دوستۇڭ بولسۇن؟

جاۋاپكار: كېسەللەر خالىسىغان يەرلەرگە قالايمىقان تاھارەت قىلسا، مەن يورۇقلۇققا چىقىمەن-دە، ھەر خىل نەرسىلەرنى، بولۇپمۇ سۇ ۋە يېمەكلىكلەرنى بۇلغاپ، ساغلام ئادەملەرنىڭ ئىچىگە كىرىۋالىمەن. شۇڭا...

سوتچى: بولدى، گېپىڭنى داۋاملاشتۇرۇۋەر.

جاۋاپكار: يېمەك-ئىچمەك قانۇنىغا رىئايە قىلمىغان چىركاۋچىكلار، ئاشپەز-كۈتكۈچىلەر، كەندە بىلەن كۆكتات ئوغۇتلايدىغان كۆكتاتچىلار، مانا بۇلار ماڭا زور ياردەم بەرگەن يېقىن دوستلىرىم. ئەگەر ئۇلاردەك جان كۆيەر دوستلىرىم بولمىغان بولسا، مەن ھېچ يەرگە بارالمىغان بولاتتىم.

سوتچى: دوستلىرىڭدىن يەنە كىملەر بار؟

جاۋاپكار: يەنە... يەنە... ھە راست، ھېلىقى تەبىئىي ئىتتىپاق دۈشمىنىمىز — بىزنى ھاۋادا ھەقسىز سەيلە قىلدۇرىدىغان چوڭ ئايروپىلانچى...

سوتچى: ئېيتقىنە ساڭا ئايروپىلاننى ياردەم قىلامدۇ؟ ئۇچقۇچىسى كىم؟

جاۋاپكار: چىۋىن. ئۇلار ھاجەتخانا، ئەخلەت دۆۋىلىرىدىن ئۇچۇپ چىقىپ، بىزنى ئاشخانىلارغا ۋە باشقا ھەممە جايلارغا ساياھەتكە ئاپىرىدۇ.

سوتچى: كىشىلەر شۇڭا چىۋىندىن جاق تويۇپ كەتكەن ئىكەن-دە، ھە قېنى، سەن ئادەم تېنىگە كىرىۋالغاندىن كېيىن قانداق ئەسكىلىكلەرنى قىلدىڭ؟

جاۋاپكار: مەن ئاساسەن ئۈچەي يوللىرى شىللىق پەردىسىگە يېپىشىۋېلىپ، ئەتەي چاتاق چىقىرىپ قانلىق، يىرىڭلىق ۋەقە پەيدا قىلىپ، ئىچ ئۆتۈش كېسىلىنى قوزغاپ، ئادەملەرنى قاتتىق پاراكەندە قىلىمەن.

سوتچى: يىرىڭلىق قاپىتەك ئىكەنسەن؛ قېنى ئېيتە، سەن نېمە ئۈچۈن بالىلارغىلا ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى زەھەرلەيسەن؟

جاۋاپكار: بۇنى پەقەت بىزدىنلا كۆرگىلى بولمايدۇ، بالىلار دائىم يېمەك-ئىچمەك تازىلىقىغا دىققەت قىلمايدۇ، مېۋە-چېۋە، سوغاق يېمەكلىكلەرنى كۆرگەن ھامان پاسكىنا-پاكىزلىقىغا قارىماي، كۆزىنى يۇمۇپلا ئاغزىغا سېلىۋېرىدۇ، بۇ چاغدا، بىز ئاسانلا ئۇلار-

نىلق ئىچىگە كىرىۋالىمىز.

سوتچى: ئەيرەڭۋازلىق قىلما! جىنايىتىڭنى يوۋۇشلىق بىلەن ئاپشۇر! نەمدىن بەك قورقىسەن؟

جاۋاپكار: ئىسسىقتىن. ئەگەر قايناق سودا 20 مىنۇت تۇرساق ھەممىمىز قىرىلىپ كېتىمىز.

سوتچى: ئەمسە ئادەم تېنىگە كىرگەندىن كېيىن نىمىشقا شۇنچىۋالا ۋەھشىلىك قىلىشىسەن؟

جاۋاپكار: ئەمىلىيەتتە بىز ئۇيەر-بۇ يەردىن يىغىلىپ قالغانلار، بىر پەشىۋاغىدىن چىقىدىمايىمىز، دورىلار جايىدا ئىشلىتىلسە بىرتكول قوشۇنىمىز ھالاك بولىدۇ.

سوتچى: قانداق دورىلاردىن قورقىسىلەر؟

جاۋاپكار: ھەممىدىن يامىنى خلوروممىتسىن دىگەن دورا. سۇلغاتىيازول دىگەن دورىنىڭمۇ قالتىس كۈچى بار. تۇرغۇن جۇڭگىچە دورىلىرىمۇ دېزىنتېرىيىنى داۋالىيالايدۇ. سامساقنى خام يىسە دېزىنتېرىيە كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ۋە داۋالايدۇ. ئەمىلىيەتتە بىز ئۈچۈن ھەممىدىن قورقۇنچىلۇغى ئېغىزدىن كىرەلمەسلىك. (جاۋاپكار كىينى تولغىتىپ، ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى).

سوتچى: ئېخى يىغلايسەنمۇ! سىلەردەك زىيانداشلار-نىلق بىرنىمۇ قويماي تولۇقىنى قۇرۇتۇپ تاشلاش كېرەك! بولىدى، بۈگۈن سوراق مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن. ئەيچىقىپ كېتىڭلار!

قانۇن ساقچىسى: خوپ! (جىنايەتچىسى يالاپ چىقىپ كېتىدۇ.)

خەنزۇچىدىن: ئادىل ئابدۇراخمان تەرجىمىسى

# چەتئەللەردە ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەش

ياپونىيەدە:

ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەش ياپونىيە خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى. ئۇلاردا «ئوقۇتقۇچىلىق» جەمئىيەت ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىدىغان كەسىپ دېيىدىغان قاراش ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت.

ياپونىيىنىڭ دارىلمۇئەللىمىن* ئوقۇغۇچىلىرى ئۆزىنى ناھايىتى شەرەپلىك ۋە مەغرۇر ھېس قىلىدۇ. ئۇلار دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇشقا كىرگەن بىرىنچى كۈندىن باشلاپلا، «ئوقۇتقۇچىلار فورمىسى»نى كىيىدۇ. ئوقۇتقۇچىلار فورمىسىنى كىيىۋالغان دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىسى ئاپتوۋۇزغا چىقىدىغان بولسا، بولغۇسى ئوقۇتقۇچىغا ھۆرمەت يۈزىسىدىن، كىشىلەر ئۇلارغا ئورۇن بوشىتىپ بېرىدۇ.

چېخوسلوۋاكىيەدە:

چېخوسلوۋاكىيە خەلقى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى بەكمۇ ھۆرمەت قىلىدۇ. جەمئىيەتتە مۇنداق بىر قائىدە بار: مەلۇم بىر ئىلمىي ئۇنۋانغا ياكى بولمىسا مەلۇم بىر ساھەدە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن ئالىم، ئالدى بىلەن

---

* دارىلمۇئەللىمىن — ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۈرىدىغان مەكتەپ.
دارىلئاجىزىن — ئاجىز - مېيىپلارنى بېقىپ تەربىيىلەيدىغان مەكتەپ.
دارىلئىتام — يېتىم-يېسىرلارنى ئوقۇتىدىغان مەكتەپ. بۇ ئۈچى ئاچ تۈزۈم ست

ئۆزىنى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقان ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ. ئاقكۆڭۈل، سەممىي چېخوسلو-ۋاكىيە دېھقانلىرى بولسا، ياخشى ھوسۇل ئالغان مەھسۇ-لاتلىرىنى ئوقۇتقۇچىغا تەقدىم قىلىپ، ئۆز ھۆرمىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

فرانسىيەدە:

فرانسىيىلىكلەر ئوقۇتقۇچىنى «ئىنسانىيەت زېھنىنىڭ پەرىشتىسى» دەپ قاراپ، ئوقۇتقۇچىلارغا ئالاھىدە ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ. يېزا ۋە كىچىك شەھەرلەردە يەنە مۇنداق بىر ئۆرپ-ئادەت بار: ھەر يىلى 25-دېكابىر روژدېستۋو بايرىمى كۈنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى ئوقۇتقۇچىلار-نىڭ ئۆيىگە سوغات ئاپىرىپ، ئۇلارنى يوقلايدۇ. ئوقۇتقۇچى ھەممە سوغاتلارنى سۆزسىز قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشىگە ئۇتۇقلار تىلەيدۇ. ھەر يىلى ئوقۇش باشلانغان كۈنى، مەكتەپ تۇرۇشلۇق جايدىكى ئەمەلدارلار ۋە جامائەت مۆتىۋەرلىرى مەكتەپكە كېلىپ، ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىغا قاتنىشىدۇ ۋە دەرس ئاڭلايدۇ.

ماتېرىيالدىن: س. ياسىن

92-بەتتىكى تېپىشماقنىڭ جاۋابى:

شاھزادىنىڭ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇشتا ۋەزىرنىڭ بالىسىنىڭ ئايدىڭدا يەرگە چۈشكەن سايىسى سە-ۋەب بولغان.

# سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجاتچانلىقى قانداق يېتىشتۈرۈلىدۇ؟

سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى بەزى ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچى- لارنىڭ ئىجاتچانلىقىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، ئوقۇتۇش جەريانىدا ئۆزلىرىگە بىرنەچچە تەلەپ قويغان:

1) ئوقۇغۇچى ئۆلۈك ھالدا يادلاپ جاۋاپ بەرسە ئۇنىماي، ئۇنىڭ مىسال كەلتۈرۈپ ئىسپاتلىشىنى تەلەپ قىلىش. 2) ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىش جەريانىدا بەس-مۇنازىرە قىلىپ ھەل قىلىدىغان مەسىلە بولسا، توغرىدىن-توغرا جاۋاپ بېرىش ئۇسۇلىنى قوللانماسلىق. 3) ئوقۇغۇچىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغاندا، ئۇلار ئىپادىلىگەن ھەر بىر ئىدىيىنى تۇتۇۋېلىشقا ماھىر بولۇش، ئۇلارغا مەلۇم يېڭى تەرىپىنى بىلدۈرىدىغان ھەر بىر پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىك. 4) ئوقۇتۇشنىڭ ئاساسى ئوقۇغۇچىنىڭ قىزىقىشى، مەقسىدى، ئىنتىلىشى ئىكەنلىكىنى ھەرگىز ئېسىدىن چىقارماسلىق. 5) ئوقۇغۇچىلارنىڭ «فانتازىيىسى» گە ئېتىبار بېرىپ، ئۇلاردا مەسىلىلەر ئۈستىدە جانلىق مۇلاھىزە قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش.


كىچىك دوستلار، ئەنە شۇنداق ئۆگىنىش ئۇسۇلىغا ئادەتلىنىڭلار.

**خەنزۇچىدىن: رەيھانگۈل تەرجىمىسى**

## سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئاتوم دۇنيا-سىنى قالايمىقان قىلىشى

### ھېسابلاش ماشىنىسى

(بېشى ئۆتكەن ساندا)




ئېنژېنېر دەرھال يېتىپ كې-لىپ، ئىشىكتىكى بەلگە چىرىغىنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن، بىرىنچى تەجرىبىخانىغا ئېتىلىپ كىردى.

ئىشىك ئېتىكلىك بولۇپ، بۇ يەرگە ھېچكىم كىرمەپتۇ. ئەمما، ئىشىكنى ئېچىپ قارىسا، تەجرىبىخانىدىكى نەرسىلەر قالايمىقان بولۇپ كېتىپتۇ. تامغا چوڭ قىلىپ «سۇن ۋۇ-كۇڭ بۇ يەرگە كېلىپ ئويناپ كەتتى» دېگەن خەتلەر يېزى-لىپ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئېنژېنېر ئىنتايىن خاپا بولۇپ:

— ھوي، بۇ «رادىئاكتىپ ئېلېمېنت» لار قولغا ئاسان

كەلمىگەن، راك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان نۇرغۇن كېسەللەر بۇنىڭ بىلەن شىپا تېپىشنى كۈتۈۋاتقان تۇرسا، سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئادەمنى تېرىكتۇرۇپ، بۇنىڭ بىلەن خەت يازغىنىنى قارىمامدىغان، قىزىلمۇغا چۈشۈپ قالغۇدەك بولسا ئۆلگۈچە دۇمبالايمەن، — دېدى.

پەن-تېخنىكا ئورنىدىكى يولداش كېلىپ كۆرۈپ، قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. قېنى، ئۇ نېمىشقا كۈلگىنىنى تېپىپ بېقىڭلارچۇ؟



ئەسلىدە «رادىئاكتىپ ئېلېمېنت» خۇددى چىراق كېچىدە نۇر چاچقاندەك نۇر چاچاتتى. بۇ خىل نۇرنى كۆزىمىز كۆرەلمەيدۇ. ھېساپلاش ماشىنىسى دەپ ئاتىلىدىغان كىچىككىنە بىر ساندۇقچە بار. ئۇنىڭغا نۇر چۈشسىلا ئىچىدىكى كۆرسەتكۈچ تىلى ھەركەتلىنىپ، نۇرنى سىزىۋالالايدۇ. بۇ خىل ھېساپلاش ماشىنىسى ئاپتوماتلاشتۇرۇلغان زاۋۇتلار، دېخانچىلىق مەيدانلىرى، كانلارنىڭ ھەممىسىدە بار. ھازىر سۇن ۋۇكۇڭ بارمىقىغا «رادىئاكتىپ ئېلېمېنت» يۇقتۇرۇۋالدى. ئۇ دۇنيانىڭ قانداق يېرىگە بېرىپ، قۇم-تاش، قۇرۇت-قوڭغۇزلارغا ئايلىنىپ كېتىشىدىن قەتئىي نەزەر، بەرىبىر ئۇنى تاپالايمىز!

سۈن ۋۇكۇڭ چېۋىنگە ئايلىنىپ قېچىپ، لۇشۇننىڭ مىس



ھەيكىلىنىڭ تۈۋىگە ئۇچۇپ كەلدى-دە، شۇ يەردە ئاپتاپ سۈنۈپ ئولتۇردى. ئۇزۇن ئۆتمەي، بىر قىزچاق ئانىسى بىلەن بىللە گۈلدەستە ئېلىپ كەلدى. قىزچاق لۇشۇننىڭ ھەيكىلىگە قاراپ قويۇپ، گۈلدەستىنى يەخەس بىلەن يەرگە قويدى.

— شياۋ يىڭ يەردىكى نېمىگە قاراۋاتىسەن؟ — دېدى ئانىسى سەل تۇرۇۋېلىپ.

— ئانا، بۇ قانداق قۇرۇت ئىكەنا؟ ئۇ ھەسەل ھەرىسى ئەمەسقۇ؟

— ھوي! ئۇ سەن ئۆتكەندە مۇزېيخانىدا كۆرگەن چىۋىنغۇ! ئۆلتۈرۈۋەت ئۇنى!

قىزچاق ئەمدىلا دەسسەي دېيىشىگە، سۈن ۋۇكۇڭ ئۇچۇپ كەتتى. ئۇ ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ: «تەس باستى! بۇرۇنراق بىلگەن بولسام، ھەسەل ھەرىسىگە ئايلىنىۋالغان بولاتتىم» دەپ ئويلىدى.

ئۇ، ئەمدى ھەسەل ھەرىسىگە ئايلىنىۋالدى. ئۇنىڭ ھەممە جايلارغا بېرىپ تاماشا قىلغۇسى كەلدى. كىشىلەرنىڭ

تىياتىر كۆرۈۋاتقانلىقى، مۇزىكا ئاڭلاپ ھوزۇرلىنىۋاتقانلىقى، توپ ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرگەن سۈن ۋۇكۇڭ، ھازىر كىشىلەر ئىمىشقا ئىش قىلمايدىغان بولۇپ كەتكەندۇ؟ دەپ ئويلىدى.

ئۇ يوپ-يورۇق بىر ئۆيگە ئۇچۇپ كىردى، بۇ چولڭ تىپتىكى پولات يېسىلاش سېخى ئىدى. ئۇ، ئادەمسىز سېخ ئىچىدە ماشىنىنىڭ ئۆزلۈگىدىن ھەركەتلىنىۋاتقانلىقىنى كۆردى-دە، ئىنتايىن ھەيران بولۇپ، تۆۋەنلەپ ئۇچتى.

ئۇ يەردە قەغەزدەك نېپىز پولات تاختىلار يېسىلىپ چىقىۋېتىپتۇ. پولات تاختاي ئاستىدىكى «رادىئاكتىپ ئۆلچەش ئەسۋابى» ئۈزلۈكسىز ھالدا نۇر چىقىراتتى. پولات تاختا ئۈستىدىكى ھېساپلاش ماشىنىسى بولسا، پولات تاختىدىن ئۆتكەن نۇرنىڭ كۈچلۈك-كۈچسىزلىكىگە ئاساسەن، تاختىنىڭ قېلىن-نېپىزلىقىنى تەكشۈرەتتى. سۈن ۋۇكۇڭ بىلەن قىلىدى-كى نۇرمۇ يىلىلە كەلدى. شۇنداق



قىلىپ، نۇر بىردەم كۆپىيىپ بىردەم ئازىيىپ، ھېساپلاش ماشىنىسى قالايمىقانلىشىپ كەتتى. ھېساپلاش ماشىنىسىنىڭ كۆرسەتكۈچ ئىسلى توختىماي ھەركەتلىنىۋەرگەچكە، ئاپتوماتىك يېسىلاش ماشىنىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ، توختىماي ئۆزگىرىپ تۇردى. نەتىجىدە بىر يېرى قېلىن، بىر يېرى نېپىز، دولقۇنسىمان پولات تاختىلار يېسىلىپ چىقتى. بۇ





AltunOq

پولات تاختىلار ئالدى تەرەپتىكى كېسىش، يۈگەش ماشىنىلىرىنى پۈتۈنلەي بۇزۇپ قويىدى.

بۇ چاغدا پولات يېسىلاش سېخىنىڭ توك بىلەن ھەركەتلىنىدىغان ئىشىگى ئۆزلۈگىدىن تاقىلىپ ئېچىلىپ، ئېلېكتىر قوڭغۇرىقى چېلىنىپ كەتتى. سېخ جۇرىنى — رومان مەستانىسى ئىدى. ئۇ ئەزەلدىنلا بۇ بىر يۈرۈش ئاپتوماتلاشقان ماشىنىلاردىن چاتاق چىقمايدۇ، دەپ ماختاپ، دائىم بىغارامان ئولتۇرۇپ رومان ئوقۇيتتى. ھازىر ئۇ پاي-پېتەك بولۇپ رومانىنى تاشلىۋەتتى-دە: «چاتاق چىقتى! چاتاق چىقتى!» دەپ ۋاقىرىغىنىچە، چوڭ تىپتىكى پولات يېسىلاش ماشىنىسى تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. ھەمەل ھەرىسىگە تايىلىنىۋالغان سۈن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ بۇنداق دەھشەتلىك ئاۋازدىن قورقۇپ كېتىپ ئاللىبۇرۇن قېچىپ كەتكەن ئىدى.

سېخ مۇدىرى بىلەن تېخنىك ئىشچى بىر ھازا تەكشۈرۈپ ئازراقمۇ چاتاق تاپالمىدى، توكنى ماڭغۇزۇش بىلەن، گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك، ماشىنىلار ئاۋالقىدەكلا مېڭىۋەردى.

— شۈكرى، — دېدى سېخ مۇدىرى ئارامىغا چۈشۈپ، ئەمما، بۇ ئىش ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويدى: ئەجەبا، ئۇ رومان كۆرۈۋېتىپ، ئۇخلاپ قېلىپ چۈش كۆرگەنىدىمۇ؟

— ھەي، دۇنيا دېگەندە ئاجايىپ ئىشلار بولىدۇ-دە، — ئۇ غۇدۇڭشۇپ قويۇپ، ھېلىقى رومانىنى يەردىن ئاۋايلاپ ئېلىپ يانچۇقىغا سالدى.

سۈن ۋۇكۇڭ نەگە ئۇچۇپ كەتكەندۇ؟ ھەي! ئۇ ماشىناسازلىق زاۋۇتىدىكى مۆجىزىلەرنى كۆرگىلى كېتىپتۇ. ئۇ يەردە «رادىئاكتىپ ئېلېمېنت» ۋە ھېسابلاش ماشىنىسى

ئارقىلىق ئاتوم پاراۋوزى چاقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا يېرىق بار-يوقلۇقىنى تەكشۈرىلەتتى. ئېلېمېنتنىڭ نۇرى چاقىنىڭ ئىچىدىن ئۆتكەندە، چاقتا يېرىق بولسا، ھېساپلاش ماشىنىسىدىن كۆرۈۋالغىلى بولاتتى.

بۇ زاۋۇتتىن يارىماس مەھسۇلات بەك ئاز چىقاتتى، لېكىن ھازىر سۇن ۋۇكۇڭ ئۇ يەردە ئۇچۇپ يۈرۈپ، ھېساپلاش ماشىنىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى. ئىنژېنېر سۇن ۋۇكۇڭنىڭ كەلگىنىنى نەدىن بىلسۇن؟ ئۇ چاق ئۆلچىمىگە مۇۋاپىق بولماي قاپتۇ دەپ ئويلاپ، ئۇلارنى پېچكە سېلىپ قايتىدىن ئېشلەشكە بۇيرۇدى. شۇنداق قىلىپ، نەچچە ئون دانە چاق ئىسراپ بولدى.

سۇن ۋۇكۇڭ ئۆزىنىڭ شۇنچە ئاۋارىچىلىق تېرىغانلىقىنى زادى بىلمەيتتى. ئۇ يەنە غوڭۇلداپ بوياقچىلىق زاۋۇدىغا ئۇچۇپ باردى. بوياقچىلىق زاۋۇدىدىمۇ «رادىئاكتىپ ئېلېمېنت» ۋە ھېساپلاش ماشىنىسى بار ئىدى. بۇلار رەختلەر رەڭگىنىڭ



ئاچ ياكى قىزىقلىقىنى تەكشۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى. سۇن ۋۇكۇڭ كېلىش بىلەنلا، ھاساپلاش ماشىنىسىنىڭ تىلى ھەركەتلەنگىلى تۇردى. نەتىجىدە، بۇ يەردىمۇ چاتاق چىقىپ نەچچە ئون تاي رەخت ئالا-بۇلا بويىلىپ چىقتى.

ئەينەك زاۋۇتىغا بېرىپ تونۇشقىلى كەلگەن سۇن ۋۇكۇڭ ئۇ يەرگە بېرىپلا، ئەينەك زاۋۇتىنى كېرەكسىز مەھسۇلات ئىشلەيدىغان قىلىپ قويىدى. سۇن ۋۇكۇڭ قەغەز زاۋۇتى، سوپۇن زاۋۇتى، كاۋچۇك زاۋۇتى... قاتارلىق زاۋۇتلارنىمۇ قىدىرىپ يۈرۈپ، ئۇ يەرلەرنىڭ ھەممىسىدە چاتاق چىقاردى. ئۇ زاۋۇتلاردىمۇ «رادىئاكتىپ ئېلېمېنت» ۋە ھاساپلاش ماشىنىسى بولغاچقا، سۇن ۋۇكۇڭنىڭ قولىدىكى «رادىئاكتىپ ئېلېمېنت» ھاساپلاش ماشىنىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىپ ماللارنىڭ چىقىشىغا سەۋەب بولدى.

(ئاخىرى كېيىنكىساندا)

### سۇرئەتتىكى ئەڭ تېز نەرسە

دۇنيادا سۈرئەتتە ئەڭ تېز نەرسە نۇر. نۇرنىڭ سېكۇنتلۇق تېزلىكى تەخمىنەن 300 مىڭ كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر شارىدىن قۇياشقىچە بولغان ئارىلىق 150 مىليون كىلومېتىر كېلىدۇ. نۇر بۇ مۇساپىنى 8 مىنۇتتىلا بېسىپ بولىدۇ.

# ئەنگلىيە مەكتەپلىرىدىكى تەن جازاسى

فرانسىيە 1881-يىلىلا مەكتەپلەردە تەن جازاسىنى مەنئى قىلغان. نورۋېگىيە 1936-يىلى، ئىسپانىيە 1967-يىلى، ئىرلاندىيە 1983-يىلى ئارقا-ئارقىدىن مەكتەپلەردىكى تەن جازاسىنى مەنئى قىلدى.

ئەمما، ئەنگلىيىدىكى مەكتەپلەردە تەن جازاسى ئىنتىزامنى قوغداش ئۇسۇلى سۈپىتىدە تاھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

توققۇز ياشلىق دېسمونت بىر كۈنى مەكتەپتىن يىغلىغان پېتى ئۆيگە قايتىپ كەلدى، ئاپىسى ئوغلىنىڭ ئىككى كاسىسىنا قىر چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى، ئۇ، بۇنىڭ چىۋىق ئىزى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ئاچچىقىدىن تىترەپ كەتتى. مانا بۇ مەكتەپ ئىنتىزامغا ئازراق خىلاپلىق قىلىپ قويغان دېسمونتنىڭ ئاقىۋىتى. مەكتەپ تۈزۈمىگە خىلاپلىق قىلىپ قويغان ئەنگلىيە ئۆسمۈرلىرى ئەنە شۇنداق تەن جازاسىغا ئۇچرايدۇ.

ب د ت نىڭ كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى يېقىندا بۇنداق تەن جازالىرىنى ئەيىپلىدى، فرانسىيىنىڭ ستراسبورگ شەھىرىدىكى ياۋروپا كىشىلىك ھوقۇق سوتى، ئەنگلىيە مەكتەپلىرى ئاتا-ئانىلارنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىشى شەرت دېگەن ھۆكۈمنامىسىنى چىقاردى.

ئەنگلىيە مائارىپ ساھەسىدىكى ئەڭ چوڭ ئوقۇتقۇچىلار تەشكىلاتى بولغان بۈتۈن ئەنگلىيە ئوقۇتقۇچىلار بىرلەشمىسىمۇ بۇ ياۋايىلارچە ئۇسۇلنى ئىنكار قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار نۇرغۇنلىغان ئەمەلىي پاكىتلارنى كۆرسىتىپ، تەن جازاسىنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوقلۇقىنى ئىسپاتلىدى. ئەمما ھۆكۈمەت تەن جازاسىنى يەنىلا قوغداپ كەلمەكتە.

ماتېرىياللاردىن: غوپۇر نۇردۇن

# شىنجاڭنىڭ يانتاق شېكىرى (تەرەنجۇبىل)

ئابدۇقادىر يۇنۇس

شىنجاڭنىڭ بىپايان زېمىنىدا بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان تۈرلۈك-تۈمەن ئۆسۈملۈكلەر ئۆسىدۇ، ئۇلار گۈزەللىكى بىلەن كىشىلەر قەلبىنى مەھلىيا قىلىپلا قالماي، بەلكى ئۆزىنىڭ ئوزۇقلۇق ۋە دورىلىق قىممىتى بىلەن ئىنسانلارغا شىپالىق بەخش ئېتىدۇ. يانتاق شېكىرى ئەنە شۇلارنىڭ تىپىدىندۇر.

يانتاق شېكىرى كۆپىنچە قۇرغاق بوز يەرلەردە ۋە جاڭگاللىقلاردا ئۆسىدۇ، ئۇنىڭدا قەنت ماددىسى كۆپ.

يانتاق شېكىرى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈكلەر گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇنىڭ غولى 40 — 60 سانتىمېتىر ئەتراپىدا ئۆسىدۇ، كۆپ شاخلىنىدۇ، يوپۇرمىقى قاتتىق ۋە تۇخۇمسىمان، يۈزى يېشىل، دۈمبىسى ئاقۇش كۈل رەڭ بولۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، يوپۇرماق قولتۇقىدا ئۇزۇن تىكىنى بولىدۇ. گۈلى كېپىنەك شەكىلدە، رەڭگى قىزغۇچ سۆسۈن، مېۋىسى قاسىراقلىق، تەسبىسىمان بولىدۇ، ئۇرۇقى دۈگىلەك، قارامتۇل بىغىررەڭ كېلىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈك قۇرغاقچىلىققا، شامال، قۇملارنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. گەرچە قۇم بېسىۋالسىمۇ، بىرنەچچە كۈندىن كېيىنلا يەنە قۇملارنى يېرىپ كۆكلەۋېرىدۇ. بىر


Altun0q

تۈپ يانتاق شېكىرى ئۆزىنىڭ ئەتراپىدا ئۈچ مېتىر دائىرە ئىچىدىكى قۇملارنى تۇرغۇزۇنلاشتۇرالايدۇ. ياز پەسلىدىكى يۇقىرى تېمپېراتۇرا ئۆسۈملۈكلەردىكى سۇنى پارغا ئايلاندۇرىدۇ، نەتىجىدە يانتاق شېكىرىنىڭ يوپۇرماقلىرىدا ئاقۇش سېرىق رەڭلىك شالاڭسىق شېكەر شىرنىسى ئاجرىلىپ چىقىپ، كىچىك دانىچە بولۇپ قېتىپ قالىدۇ. مانا بۇ — يانتاق شېكىرى دېيىلىدۇ. ياخشى ئۆسكەن بىر تۈپ يانتاقتىن 100 گىرامدىن كۆپرەك شېكەر ئالغىلى بولىدۇ.

يانتاق شېكىرى — مىللىي تىبابەتچىلىكتىكى دورا بولۇپ، بەدەننى قۇۋۋەتلەندۈرۈش، ئاغرىق توختىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە. دىزېنتېرىيە، ئىچ سۈرۈش، قوساق ئاغرىش قاتارلىق كېسەللەردە يانتاق شېكىرىدىن ئۈچ مىسقال ئېلىپ قايناق سۇ بىلەن ئىچسە دەرھال ئۈنۈم بېرىدۇ. ھۆل يانتاق ئۇرۇقىنى يانچىپ، شىرنىسىنى ئاغرىق چىشقا سۈركىسە، چىش ئاغرىقىنى توختىتىدۇ.

ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى كىتابلىرىدا يانتاق شېكىرى توغرىسىدا يېزىلغان خاتىرىلەر بار. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئالىم لى شىجېن «دورا ئۆسۈملۈكلىرى قامۇسى» دېگەن كىتاۋىدا يانتاق شېكىرىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان، كىتابنىڭ «تىكەنلىك ھەسەل» دېگەن قىسمىدا: «يارغول (تۇرپاننىڭ غەربىدە، تەخمىنەن 40 كىلومېتىر) قۇملۇقلىرىدا بىر خىل تىكەنلىك چۆپ بار»، ئۇ «سۆڭەك ئاغرىش، قىزىتما، يۆتەل، دىزېنتېرىيە تۈپەيلىدىن قان كېلىش، ئىشتىھى تۇتۇلۇش، قان توختىماسلىق، ئىچى پۇشۇش...لارغا داۋا بولىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن، تۇرپان رايونىدىكى. بولۇپمۇ تۇرپاننىڭ يارغول، ئىدىقۇت قاتارلىق جايلىرىدىن چىققان يانتاق

شېكىرى ئەزەلدىن داڭلىق بولۇپ كەلدى. چۈنكى بۇ جايلارنىڭ ھاۋا كىلىماتى يانتاق شېكىرىنىڭ ياخشى ئۆسۈشىگە قولايلىق شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ.

قەدىمقى زامانلاردا تۇرپان رايونىدىن چىقىدىغان يانتاق شېكىرى بىر خىل ئەتىۋارلىق تەبىئىي مەھسۇلات ھېسابلىناتتى. شۇڭا ئىچكى ئۆلكىلەردىكى مەرتىۋىلىك ئەمەلدارلار شىنجاڭنىڭ يانتاق شېكىرىنى كۆپلەپ ئىستېمال قىلاتتى.

## كۇئېنلۇن تېغى

كۇئېنلۇن تېغى سىستېمىسى پامىر ئېگىز تەكشىلىكىدىن باشلىنىپ، سىچۈەننىڭ غەربىگىچە (سەيدام ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىگىچە) سوزۇلغان. ئاسىيا قىتئەسى بويىچە ئەڭ ئۇزۇن تاغ سىستېمىلىرىنىڭ بىرسى بولغان كۇئېنلۇن تېغى ئۇزۇنىغا پاراللېل تاغ تىزمىلىرىدىن تەركىب تاپقان، ئۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2500 كىلومېتىر (شەرقىي مېرىدىيان 150°—77° ئارىسىدا) كېلىدۇ. كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىنجاڭ دائىرىسىدىكى ئۇزۇنلۇقى 1800 كىلومېتىرغا يېتىدۇ، كەڭلىكى 150 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. ئۇ شىنجاڭ بىلەن تارىم ۋە سەيدام ئويمانلىقى ئارىسىغا جايلاشقان. كۇئېنلۇن تېغى جەنۇبقا ياي شەكلىدە تومپىيىپ چىققان بولۇپ، شەرقىي قىسمى چارقىلىقنىڭ جەنۇبىغىچە بارىدۇ.

كۇئېنلۇن تاغلىرى دېڭىز يۈزىدىن 4 مىڭ مېتىر ئېگىزلىككە جايلاشقان. يەركەنت دەرياسى بىلەن قارقاش دەرياسىنىڭ ئەڭ يۇقۇرى ئېقىمىدىكى تاغلار قارا كۇئېنلۇن

تاغلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ تاغنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ كەڭ-
لىكى 100 كىلومېتىر بولۇپ، شەرققە قاراپ 300 كىلومې-
تىرغىچە كېڭىيىپ بارىدۇ. تاغ ئومۇرتقىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە
ئېگىزلىكى 6 مىڭ مېتىر بولۇپ، كۆپلىگەن تاغ چوققىلىرى-
نىڭ ئېگىزلىكى 6 مىڭ 700 مېتىر ئۆپچۆرىسىدە، بەزىلىرى
مىڭ مېتىردىنمۇ ئاشىدۇ. ئېگىزلىكى 7 مىڭ 546 مېتىر كې-
لىدىغان مۇز تاغ بىلەن قوڭغۇر تاغ رايونلىرىنىڭ ئومۇمىي
مۇزلۇق مەيدانى تەخمىنەن 630 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.
ئۇنىڭدىكى ئومۇمىي جۇغلانما سۇ مىقدارى 45 مىليارت
كۇب مېتىر بولۇپ، مىليون يىللاردىن بۇيان تارىم تۈزلەڭلى-
كىدىكى بوستانلىقلارنى سۇغۇرۇپ كەلمەكتە. كوئېنلۇننىڭ
شىمالىي ئېتىكى (تارىمغا قاراپ تۇرغان تەرىپى) جەنۇبىي
ئېتىكىگە قارىغاندا تىكرەك بولۇپ، تارىم ۋە سەيدام ئويمانلىقلىرى-
دىكى دەريا ۋادىلىرى كوئېنلۇن تاغلىرىنىڭ غەربىي ۋە ئوتتۇ-
را قىسىملىرىنى كېسىپ ئۆتىدۇ.


كوئېنلۇن تاغلىرى جۇغراپىيىلىك ئورنى، گېئومورفو-
لوگىيىسى ۋە گېئولوگىيىلىك قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن، غەربىي
كوئېنلۇن تاغلىرى، ئوتتۇرا كوئېنلۇن تاغلىرى ۋە شەرقىي
كوئېنلۇن تاغلىرىدىن ئىبارەت. كوئېنلۇن تاغلىرى مەملىكى-
تىمىزنىڭ تارىخىي ۋە مەدەنىيىتىدە چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىل-
غان تاغلار بولۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمقى كىتابلىرىدا ئۇ
ھەققىدە نۇرغۇن خاتىرىلەر بار. جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت بۆ-
شۈكى بولغان خۇاڭخې دەرياسى كوئېنلۇن تاغلىرىدىن باش-
لىنىدۇ. چوگولى چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 8 مىڭ 611 مې-
تىر ئېگىز، ئۇ كوئېنلۇن تېغىدىكى ئەڭ ئېگىز چوققا، دۇنيا
بويىچە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان بۇ چوققا قەشقەر را-

يونىغا جايلاشقان بولۇپ، جەنۇبىي تەرىپى پاكىستانغا تۇتىشىدۇ. جۇڭگو-پاكىستان ھاۋا قاتنىشى يولىمۇ مۇشۇ چوققىنىڭ ئۈستىدىن ئۆتىدۇ، ئۇ چوققا دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېگىز جومولاڭما چوققىسىدىن 237 مېتىر تۆۋەن، يەركەنت دەرياسى چوگولى چوققىسىدىن باشلىنىدۇ. چوگولى — تاجىكچە سۆز بولۇپ، «ئېگىز چوققا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

كۇئېنلۇن تاغلىرى رەڭگارەڭ قاشتېشى كانى ۋە مەشھۇر يىپەك يولى بولۇش سۈپىتى بىلەنلا دۇنياغا مەشھۇر بولۇپ قالماستىن، ھەر خىل مېتال كانلىرى بىلەنمۇ داڭ چىقارماقتا. بۇ يەردىن ۋانادىي، نىكېل، مىس، تۆمۈر، ئالتۇن، كۆمۈر، سلىيودا، تاشپاختا (ئاسبېس)، كورۇند، سېرىق تۆمۈر رۇدىسى، ھاك، فىلىيوديت قاتارلىق كان بايلىقلىرى چىقىدىغانلىقى دەسلەپكى قەدەمدە ئېنىقلاندى.

(94 - بەتتىكى تېپىشماقنىڭ جاۋابى)

ھەقىقەتەن ئېيىق ئالدىنىپ قالغان. چۈنكى تۈلكە ئۆزىنىڭ ئىككى باش سەۋزىسى بەدىلىگە ئىككى باش سەۋزىدىن تەقسىم قىلىنغان بىر قاچا شورپا ئىچتى. دېمەك، قازانغا چۈشكەن سەۋزىسىنى ئۆزى يەپ بولدى. قاقىر ئىچكەن بىر قاچا شورپا بەدىلىگە كەلگەن ئالتە بېلىق ئەلۋەتتە ئېيىقنىڭ بولۇشقا تېگىشلىك. بۇنىڭدا تۈلكىنىڭ ھەققى يوق ئىدى. ئېيىق ھېسابنى توغرا قىلماي، تەبىئىي ھالدا تۈلكىگە ئالدىنىپ قالغان.



# كېتىي ۋە ئېلېكترونلۇق ھېساپلاش ماشىنىسى

فرېد دېئاچېئو (ئامېرىكا)

— كېتىي، ئېلېكترونلۇق ھېساپلاش ماشىنىسىنى ئەكەلدىم، — ئاپتوموبىلدا ئولتۇرغان دادىسى مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقىۋاتقان كېتىيگە خۇشال ھالدا توۋلىدى.

— راستىمۇ؟ مەن ئويناپ باقسام بولامدۇ؟

— ئەلۋەتتە، — دادىسى سۆزلەۋېتىپ ئىشىكنى ئاچتى-دە، كېتىينى ئاپتوموبىلغا چىقاردى.


كېتىي ئىشىك ئالدىغا كېلىش بىلەنلا ماشىنىدىن چۈشۈپ ئۆيىگە يۈگۈردى. ئۈستەل ئۈستىدە ئېلېكترونلۇق ھېساپلاش ماشىنىسى تۇراتتى. بىراق، ئۇ كېتىينىڭ ئويلىغىنىدەك ئەمەس ئىدى، ماشىنا ئادەمگىمۇ ئوخشىمايتتى، ئۈستىدە نۇر چېچىپ تۇرغان چىراقلارمۇ يوق ئىدى. ئادەتتىكى تېلېۋىزورغىلا ئوخشايدىغان بۇ ئاپپاراتنىڭ ئالدىغا خەت يېزىش ماشىنىسى ئورنىتىلغان ئىدى.

دادىسى كۈلۈپ تۇرۇپ بىرنەچچە كۇنۇپكىنى بېسىۋې-



AltunOq

دى، ئېلېكترونلۇق ھېساپلاش ماشىنىسىنىڭ ئېكرانىدا چىۋرۇقلاپ سايراپ تۇرغان بىر كۆك شاتۇتى كۆرۈندى، كېتىي خۇش بولۇپ كەتتى:




— پاھ، شاتۇتى! سېنى سىناپ باقايمۇ؟

— سەن FLOWER① دېگەن سۆزنى تەشكىل قىلىدىغان ئالتە ھەرپنى باسقىن، مەن ئېلېكترونلۇق ھېساپلاش ماشىنىسىنىڭ قانداق خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى ساڭا ئېيتىپ بېرىمەن. ئېلېكترونلۇق ھېساپلاش ماشىنىسىنىڭ ئىچكى قىسمى ئىنتايىن ئۇششاق ئەسۋاپلاردىن قۇرۇلغان، ئۇ يەردىكى زاپاس ئەسۋاپلار گازارمىسىدا بىر «پولك كوماندىرى» بار، ئېلېكترونلۇق ھېساپلاش ماشىنىسىغا بېرىلگەن بۇيرۇق دائىم ئاۋال شۇ پولك كوماندىرىغا بارىدۇ، ئاندىن ئۇ ھەممە ياقنى چېپىپ، باشقا قىسىملاردىكى «خىزمەتچىلەر»گە قانداق ئىشلەش كېرەكلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ.

كېتىي FLOWER دېگەن سۆزنى تەشكىل قىلىدىغان ھەرپلەرنى بېسىۋېتىپ ئېكرانغا يېقىنراق سۈرۈلۈۋىدى، ئېھتىياتسىزلىقتىن تېيىلىپ ئالدىغا يىقىلىپ چۈشتى، قىزىق ئىش، ئۇ، ئېكرانغا ئۇسسۇۋالماي تەينەكتىن ئۆتۈپ، خۇددى تاغدىن دومىلىغاندەك موللاق ئېتىپ، ئېلېكترونلۇق ھېساپلاش ماشىنىسىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

① FLOWER — ئىنگلىزچە گۈل دېگەن سۆز



يىقىلىپ گاراڭ بولۇپ قالغان كېتىي ئەتراپتا ئۆيدەك چوڭلۇقتىكى قار ئۇچقۇنلىرىنى كۆردى. ئەسلىدە، ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ ئىچىدە قار يېغىۋاتقان ئىكەن. كېتىينىڭ ئۆزىمۇ كىچىككىنە بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قاپتۇ.

«گۇپ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭلا، ئۇ قېلىن قار ئىچىگە چۆكۈپ كەتتى. ئۇ يامىشىپ چىقىپ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ قارىۋىدى، ئالدىدا بىر ئەلپتە ئادەمنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

— ھەي! سەن ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ ئىچىدىكى پولك كوماندىرىمۇ دەيمەن؟ — دەپ سورىدى كېتىي.

— شۇنداق، مۇقىم زاپاس ئەسۋابلار گازارمىسىغا تۇيۇقسىز كەلگەنلىكىڭنى قارشى ئالىمەن. بۇ يەر مېنىڭ بۇيرۇق كۈتۈش ئورنۇم، — دېدى پولك كوماندىرى.

— ماشا گۈل كېرەكمۇ؟ — دېدى كېتىي ئورنىدىن لەپپىدە سەكرەپ تۇرۇپ.

— ماقۇل. بىراق، بىز ئاساسىي ماشىنا بىناسىغا بېرىپ، خەۋەرچى ئادەمچاقلارنى چاقىرىپ كېلىشىمىز كېرەك — پولك كوماندىرى سۆزلىگەن پېتى قارلىقتا چوڭ-چوڭ قەدەم تاشلا-

بلاپ كېتىپ قالدى، كېتىپ ئۇنىڭ كەينىدىن مېڭىپ ئارانلا ئۈلگۈرەتتى.

ئەتراپ ئاپپاق قارغا پۈركەنگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ قانچىلىك ماڭغانلىقى نامەلۇم، پولك كوماندىرى توساتتىن توختىدى، كېتىپ ئۇنىڭ دۈمبىسىگە ئۇسسۇۋالغىلى تاسلا قالدى. كېتىپ زەن سېلىپ قارىۋىدى، ئالدىدا بىر قاتار كىچىك ئۆيلەر كۆرۈندى، چىرايلىق سېلىنغان بۇ ئۆيلەرنىڭ شەكلىمۇ بۆلەكچىلا ئىدى. ئۇ سوراي دېيىشىگە، پولك كوماندىرى:

— بۇ، خەۋەرچى ئادەمچاقلارنىڭ ئۆيى. ھەر بىر ئادەمچاق بىر ھەرپ يەكى سانغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، — دېدى، ئاندىن قولىدىكى كانايىنى كۆتۈردى:

— مېنىڭ كانىيىم «تى» ۋە «تا» دېگەن ئىككى ئاۋازنىلا چىقىرالايدۇ، بىراق بۇ ئىككى ئاۋاز مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن ئاھاڭلارنى ھاسىل قىلىدۇ، ھەر بىر ئادەمچاقنىڭ ئۆز ئاھاڭى بار، قېنى ئەمسە ئاڭلا!

«تى-تا-تى-تى-تى،تا-تا-تى» ئۇ بۇ ئاھاڭنى چېلىش بىلەنلا، ئۈستىگە «F» ھەرپى يېزىلغان ئادەمچاق ئۆيىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، قارلىق يەردە تۇرغان بىر نەچچە جانىۋارنىڭ ئىچىدىكى ئىككىنچىسى چانىغا سەكرەپ چۈشتى. پولك كوماندىرى يەنە كاناي چېلىپ بەش ھەرپنى چاقىردى. ئۈستىگە ھەرپ يېزىلغان بۇ بىرنەچچە ئادەمچاق ئىك



كىنچى چاننىڭ كەينىدىكى بىر نەچچە چانىغا تەرتىپ بويىچە سەكرەپ چۈشۈپ، «FLOWER» دېگەن سۆزنى تەشكىل قىلدى، كېيىن يۈگۈرۈپ بېرىپ بىرىنچى چانىغا سەكرەپ چۈشتى-دە، پولك كوماندىرىغا قاراپ:

— ماڭايلى! — دېدى.

پولك كوماندىرىمۇ چانىغا چىقتى، چانىلار مۇز توڭلىغان يانباغىردىن تۆۋەنگە قاراپ ئوقتەك ئۇچتى، كېيىن ئاقلىققا چۆمدى، بىراق ئۇنىڭدا بىر ئاز قورقۇنۇشمۇ بار ئىدى.

پولك كوماندىرى يانچۇقىدىن بىر ئالتۇن سائەتنى چىقىرىپ قاراپ قويدى-دە:

— كېچىكىپ قالىدىغان بولدۇق، بۇ ئادەمچاقلار ئاساسىي ماشىنا بىناسىغا بىر سېكۇنت كېچىكىپ قالغۇدەك بولسا، كېيىنكى گۈلنى كۆرەلمەيدۇ. غەيرەت قىلىڭلار! تېز! — دېدى.

چانىلار يانباغىردىن پەسكە چۈشۈپ سۈرئەتنى ئاستىلاتتى، ئاخىرى كونا ئۆستەڭدە سېلىنغان غايەت زور بېكەتلىك دەرۋازىسى ئالدىدا توختىدى، بۇ جاي ئاساسىي ماشىنا بىناسى ئىدى. پولك كوماندىرى چانىدىن چۈشۈۋېتىپ:

— يارلىق بۇيرۇقلىرىمىز مۇشۇ يەردىن ئېيتىلىدۇ. تېز بولۇڭلار! — دېدى-دە، كېيىن ۋە خەۋەرچى ئادەمچاقلارنى باشلاپ، بىنانىڭ ئىچىگە ئېتىلىپ كىرىپ كەتتى.

ئاساسىي ماشىنا بىناسىنىڭ ئىچى ئازادە بولۇپ، ھەممەيلەن ئالدىراش ئىشلەۋاتاتتى. غەلىتە ماشىنا چۆگىلەۋاتاتتى، ئۇ ئىشلىگەندە تۈزلۈكسىز ئۇرۇلۇپ، «تاراق-تۇرۇق» ئاۋاز چىقىراتتى؛ توپ-توپ تېتىك، شوخ خەۋەرچى ئادەمچاقلار ماشىنىنى تۈركۈم-تۈركۈملەپ ئايلىنىپ چېپىپ يۈرۈشەتتى.

— ئاۋۇ ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلار ھەربىي ئادەمچاقلار، ئۇلار بىردىنلا تىك سۆزلەرنى تەشكىل قىلىدۇ. ئاۋۇ قونۇش ماشىنىسى، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى سان ئادەمچاقلار يېڭى سانلارنى تەشكىل قىلىدۇ — دەپ چۈشەندۈردى پولك كوماندىرى.

كېتىينىڭ ئايلىنىۋاتقان چاقنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئوينىغۇسى كېلىپ كەتتى، بىراق، ئۇ بۇرۇلۇپ قاراپ پولك كوماندىرى ۋە ھەربىي ئادەمچاقلارنىڭ خۇددى مۇز تېيىلىۋاتقاندەك ئۇياقتىن-بۇياققا تېيىلىپ يۈرگەن بىر توپ ھەربىيلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى-دە، ئالدىراپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى.

كېتىي ھەربىيلەر ئارىسىغا كىرىپ، پولك كوماندىرى ۋە باشقىلارنى تەستە تاپتى. بۇ چاغدا، ئۇ ئادەتتىكى ماشىنا بىناسىنىڭ مەركىزىگە كېلىپ قالغان ئىدى. بۇ يەردە كاۋچۇكتىن ياسالغان بىر ئۇزۇن جوزا بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستى ھۆججەت خالتىلىرى بىلەن تولغان ئىدى. جوزىنىڭ كەينىدە قەغەز باغاقچىلار دۆۋىلىنىپ تۇراتتى. بىر ئادەمچاق تەرلەپ-پىشىپ ئىشلەۋاتاتتى. پولك كوماندىرى يېنىدىن شەمشىرىنى سۇغۇرۇۋېلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئادەمچاقنى نوقۇپ قويدى-دە:

— مۇنەررىجەمچى، دىققەت! — دەپ ۋاقىرىدى.

مۇنەررىجەمچى پۈرژىنىدەك ئاتىلىپ تۇردى-دە، پولك



كوماندىرىنى چاس بىرىپ تۇرۇپ؛

— ھەر قانچە تېز ئىشلىگىنىم بىلەنمۇ بىكار، كېتىپنىڭ دادىسى مۇندەرىجە دەپتىرىدىكە نۇنجۇۋالا ئادرېسنى ئامانەت قويۇپ قويغاچقا، قىغىز باغاقچىلار تاقىدەك دۆۋىلىنىپ كەتتى. مەن تېز ئىشلىگىنىم بىلەن ئۇ بۇيرۇقنى تېخىمۇ تېز بىرىۋاتىدۇ! — دەپ غۇدۇڭشىدى.

— ئۇنىڭ بىلەن چاتىقىڭ بولمىسۇن! ئاۋال ماۋۇ ئىشنى تۈگەت، — غەزەپ بىلەن گۈكىردى پىلىك كوماندىرى.



ھەرپ ئادەمچاقلار نۆۋەت بىلەن ئالدىغا چىقىپ، ئۆزلىرى ۋەكىللىك قىلىدىغان ھەرپلەرنىڭ نامىنى جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن ئېيتىشتى.

مۇندەرىجىچى شوتا ئۆستىگە چىقىپ، باغاقچىلار دۆۋىسىگە تۇرغۇزۇپدەك شۇڭغۇدى. سەل ئۆتكەندىن كېيىن قەغەزلەر دۆۋىسىدىن بىر قول سوزۇلۇپ چىقتى، قولىدا بىر ۋاراق قەغەز تۇراتتى. كېتىپ يۈگۈرۈپ بېرىپ قەغەزلەر دۆۋىسىگە چىقتى-دە، قولىدىن ھېلىقى قەغەزنى ئالدى، پىلىك كوماندىرى ئادەمچاقلارنىڭ ئالدىدا ئۇياقتىن-بۇياققا مېڭىپ تۇرۇپ گۈلدۈرمامىدەك ئاۋاز بىلەن: «تارقىلىڭلار!» دەپ ۋاقىرىدى، ئاندىن قاناتلىرىغا گۈل سىزىلغان بىر ئايروپىلانغا يامىشىپ چىقىپ، ئۆلىنىڭ ئىچىگە چۈشتى-دە، ساتىمىگە ئاراپ قويۇپ:

— كېتىپ، تېز چىققىن، ئايروپىلاننى ھەيدەيمەن، — دېدى.

«غۇڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئۇلار ئاسماننى ما-

شىنا بىناسىدىن ئۇچۇپ چىقىپ كېتىۋېتىپ، مۇدەرىجىنىڭ «يول توسايدىغان ئالۋاستىلارغا يولۇقۇپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىڭلار» دەپ ۋاقىراپ قالغىنىنى ئاڭلاپ ئاڭلىدى.

— يول توسايدىغانلار كىملەر؟ — دەپ سورىدى كېتى.

— ئۇ ۋەھشى ھەم ھىلىگەر مەخلۇق، — دەپ جاۋاپ بەردى پولك كوماندىرى.

— ئۇ قەيەردىن كەلگەن؟

— كىشىلەر ئېلېكترونلۇق ھېساپلاش ماشىنىسىنى لايىھىلىگەندە، ماڭا ئايروپىلاننىڭ ئاساسىي ماشىنا بىناسىدىن خەۋەر مۇنارىسىغا ئۇچۇپ بېرىشى ئۈچۈن قوماندانلىق قىلىشقا ياردەملىشىدىغان بىر قاتناش ساقچىسى بېرىشى كېرەك ئىدى. كېيىن نېمە چاتاق چىقتىكىن، قاتناش ساقچىسى كەلمەي، مۇشۇ مەخلۇق كېلىپ قالدى. بۇ كاساپەت بەك قورقۇنچلۇق، ئۇ قالايمىقانچىلىق چىقىرىپلا كېلىۋاتىدۇ.

كېتىيگە تىترەك ئولىشىپ كەتتى:

— ئۇنىڭغا يولۇقۇپ قالمايلى يەنە.

ئايروپىلان تەۋرەنگە شۇڭغۇپ، بىر چوڭ ئىمارەتتىن ئايلىنىپ ئۆتتى، ئاپلا، ھېلىقى مەخلۇق ئالدى تەرەپتە تۇرمامدۇ!



— كېلىڭلار، سىلەرگە ياردەملىشەي! — دەپ ۋارقى-
رىدى ئۇ.
— كارىڭ بولمىسۇن، ئۇ بىزنى ئالداۋاتىدۇ — پولك كو-
ماندىرى كېتىيگە پىچىرلاپ سۆزلەۋېتىپ، ئايروپىلاننى مەخ-
لۇقنىڭ پۇتلىرىنىڭ ئارىسىدىن ھەيدەپ ئۆتتۈپ كەتتى، بە-
راق «تاراس» قىلغان ئاۋاز چىقتى-دە، مەخلۇق ئايروپىلان-
غا سالما تاشلاپ، ئاغزىنى يوغان ئاچقان پېتى ئايروپىلاننى
ئۆزىگە ئاستا-ئاستا تارتىشقا باشلىدى.
قورقۇپ كەتكەن كېتىي غىمىر قىلالماي قېتىپ قالدى.
— ئەمدىكى پالاندىن تۆت سېكۇنت كېچىكىپ قال-
دۇق، يەنە كېچىكسەك بولمايدۇ — دېدى پولك كوماندىرى ئەم-
كىنلىك بىلەن، ئۇ شەمشىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ بىر شىلتىش بىلەن
ئاغامچىنى كېسىپ تاشلىدى. ئايروپىلان بىرلا موللاق ئېتىپ ئۆ-
چۈپ كەتتى. مەخلۇق ئۇنى تۇتالماي قالدى.



— پاراشۇت
ئېچىلسۇن! — دېدى
كېتىي ئۇنىڭغا
قايىل بولۇپ.
— بىز قا-
چىلىك ئىش
ئىدى. قولۇمە-
دىكى شەمشەر-
گە قاراپ قوي.
بۇنىڭ نامى
جاسا ئەسقاتقۇچ شەمشەر! تېزرەك بولايلى، بولمىسا گۈلنى
كۆرەلمەي قالىمەن.

ئايروپىلان ئالغا قاراپ ئوقتەك ئۇچاتتى، كېتى ئۈستىدە بولۇتلار، ئاستىدا تاغ چوققىلىرىنىڭ غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنىلا كۆرەلەيتتى. يىراقتا، بۇلۇتلار ئارىسىدىن چوقچىيىپ چىقىپ تۇرغان ئېگىز بىنا كۆرۈندى، بىنا ئۈستىدىكى بايراق شامالدا جەۋلان قىلاتتى.

كېتى ۋاقىراپ تاشلىدى:

— قاراڭ! نېمە دېگەن ئېگىز بىنا!

— خەۋەر مۇنارىسى دېگەن شۇ. سەن ئۇ يەردىن گۈل سىزىدىغان رەسسامنى ۋە ئېلېكترونلۇق ھېساپلاش ماشىنىسى ئىچىدە ياشىغان ھەر خىل ئىشلارنى قىلىدىغان كىشىلەرنى تاپالايسەن.

— ئۇلارمۇ سىزگە ئوخشاش، شۇنداقمۇ؟ — دەپ سورىدى كېتى.

— ياق، خاتالاشتىڭ، — دېدى پولك كوماندىرى ئۇنىڭغا جاۋابەن، — مەن مۇقىم زاپاس ئەسۋاپلار گازارمىسىدىلا تۇرىمەن، خەۋەر مۇنارىسىدىكىلەر ماڭا ئوخشىمايدۇ، ئۇلار داداڭ ھەر قېتىم ئېلېكترونلۇق ھېساپلاش ماشىنىسىنى ھەركەتلەندۈرگەندىلا ئاندىن كېلىدۇ.

كېتى قىيشىيىپ ئايروپىلان دېرىزىسىدىن سىرتقا قارىدى:

— نەگە قونىمىز؟

— ئايروپىلان ھازىر خەۋەر مۇنارىسى تەرەپكە تۆۋەنلىمەكتە، سەكرە! — دېدى پولك كوماندىرى.

كېتى پاراشيوتنى يۆدۈپ ئايروپىلاندىن ئىرغىپ چۈشتى، پاراشيوت ئۇنىڭ بېشى ئۈستىدە ئېچىلدى، ئۇ ئاستا - ئاستا تۆۋەنلەپ، گۈل سىزغۇچى رەسسامنىڭ ئىشىكى

ئالدىغىلا چۈشتى. ۋاڭ... تاك... تاك، ئۇ ئېتىكىنى قاتتىق ئۇرۇۋېتىشقا باشلىدى.

ئىشىك ئېچىلدى، گۈل سىزغۇچى بىرنەچچە رەسسام كېتىپ قېلىشنى ئەمەس، ئۇلارنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، دەرھال رەڭ چېلەكلىرىنى ئېلىشىپ ئىشىكتىن تېزلىكتە چىقىشتى. ئۇلار كېيىنكى بىلەن بىللە بىر پولات ماددىنى قوچاقلىۋېلىپ، يەر ئۈستىگە خۇددى ئوت ئۆچۈرگۈچىلەرگە ئوخشاش سىرىلىپ چۈشۈشتى.

يەرگە چۈشۈش بىلەنلا، ئۇلار دەرھال ماشىنىغا سەكرەپ چىقىشىپ موتورنى ئوت ئالدۇرۇشتى، كېيىن كېچىكىپ قالغانلىقتىن، ئاپتوموبىلنىڭ ئۈستىگىلا چىقىۋالدى، دەل شۇ ۋاقىتتا، بىرلىك كوماندىرىمىز يېتىپ كەلدى. ئۇ ئاپتوموبىلنىڭ ئۈستىگە سەكرەپ چىقىپ:

— يولداشلار! ئاۋال ئاماسى ماشىنا بىناسىغا، ئاندىن ئوتېلغا بارايلى، گۈل سىزىمىز، — دېدى.

ئاپتوموبىل كەلدى بىر مەيدانغا كىردى، بۇ يەر خۇشخۇي ئادەمچاقلار بىلەن تولغان ئىدى، رەڭ ۋە ئوق دورىسىنىڭ پۇرىقى بۇرۇنغا ئۇرۇلاتتى. ئاپتوموبىل مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ توختىدى.

توساتتىن، ئەتراپ قاراڭغۇلۇققا چۆمدى، كېيىنكى قاراڭغۇدا بىردىيالىنىڭ:

— بىر گۈل كېرەك! بىر گۈل كېرەك! — دەپ ۋاقىرىغىنى ئاڭلاندى.

گۈل سىزغۇچى رەسسام ياغاچ سوپا ئۈستىگە سەكرەپ چىقتى. سوپا ئۈستىدە ئۈچ دانە قەدىمىي زەمبىرەك بولۇپ، ئۇنىڭغا قىزىل، ھاۋا رەڭ، يېشىل رەڭلەر قاچىلانغان ئىدى.

— بۇلار، سېنىڭ تېلېۋىزورىڭغا ئىشلىتىلىدىغان بىر-ئەچچە خىل رەڭ. بۇ رەڭلەر ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئەگىشەلىسە ساڭا كېرەكلىك تۈرلۈك رەڭلەر پەيدا بولىدۇ، — دېدى پولك كوماندىرى.

— ئېرىراق تۇر! ئېرىراق تۇر! — دەپ ۋاقىراپ كەتتى گۈل سىزغۇچى رەسسام.

«گۇم! گۇم!» زەمبىرەكلەر ئېتىلدى، قاراڭغۇ ئاسمانغا چېچىلغان رەڭدار رەڭ ئۇچقۇنلار هاۋادا ئۈچ رەڭدىن هاسىل بولغان گۈلنى پەيدا قىلدى. كىتتى چاۋاك چېلىپ ۋاقىراپ سەكرەپ كەتتى، ئەتراپتىكىلەرمۇ تەنتەنە قىلىشتى.

كىتتى ئۇشتۇمتۇتلا ئۆيىنى ئېسىگە ئالدى، بىراق، ئۇ قانداقمۇ كېتەر؟

— چاپسان بول كىتتى، زەمبىرەكنىڭ ئىچىگە كىرگىن. زەمبىرەك يەنە بىر پەس ئېتىلىدۇ، بولمىسا گۈل كۆرۈنۈشلىگى مۇمكىن. سەن رەڭلەر بىلەن بىللە ئۆيۈڭگە ھەش-پەش دېگۈچە يېتىۋالىسەن.

كىتتى پولك كوماندىرى بىلەن مەھكەم قۇچاقلاشتى-دە، يۈگۈرۈپ بېرىپ زەمبىرەكنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

— بولدى! — دەپ ۋاقىرىدى ئۇ.

«گۇم! گۇم!» زەمبىرەكلەر يەنە ئېتىلدى؛ كىتتى



ئاسمانغا ئۇچتى.

«ۋايجان!» كېتىپنىڭ بۇرنى ئەكرانغا تېگىپ ئاغرىپ كەتتى. ئۇ، ئەكراندا بىر گۈل ئۇرغانلىقىنى، پولك كوماندىرىنىڭ غايىپ بولغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ بولسا ئۆيگە قايتىپ كەلگەنلىكىنى سەزدى.

دادىسى ئېڭىشىپ تۇرۇپ:

— نېمە بولدى، يارىلىنىپ قالمىغانسەن؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن.

— ھېچنېمە يوق! مەن تېخى پولك كوماندىرىغا ياردەم بەرمىدىم! — دېدى كېتىپ گىدىيىپ.

**خەنزۇچىدىن: مەسئۇت خالىت تەرجىمىسى**

## بىلەمسىز؟

ھەر قايسى ئەللەردىكى پەن ئالىملىرى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئادەم پۈتكۈل ئۆمرىدە مېڭىسىگە توپلىيالايدىغان ھەر خىل بىلىم، ئامېرىكىنىڭ پارلامېنت كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان كىتاپلاردىن 45 ھەسسە كۆپ بولىدىكەن. مەسىلەن، بۇ كۇتۇپخانىدا ساقلانغان كىتاب 10 مىليون پارچىدىن ئارتۇق بولسا، تۈرلۈك - تۈمەن بىلىملەردىن ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە بەھرىمەن بولغان ئادەم مېڭىسىگە 500 مىليون پارچە كىتاپتا بايان قىلىنىدىغان بىلىملەرنى ياتقۇزالايدىكەن.

## ئاتا-ئانىلار ئۈچۈن

بەزى ساۋاقداشلار ئۆيدە دەرس تەييارلىغان ۋاقىتلىرىدا، دەرس تەييارلاۋېتىپ رادىيو ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇنداق قىلىش زادى توغرىمۇ؟ بىز بۇنى بىلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى تەجرىبىنى ئىشلەپ باقايلى:

سىز ئۈستەل ئالدىدا كۆزىڭىزنى يۇمۇپ ئولتۇرۇپ، قەغەزگە ئۆزىڭىزنىڭ ئىسمىنى يېزىپ بېقىڭ. سىز چوقۇم بۇ ئىشنىڭ ئوڭاي ئىكەنلىكىنى بىلىۋالىسىز. ئەمدى سىز كۆزىڭىزنى ئېتىۋېتىپ، تۆۋەندىكى ھەرىكەتنى ئەستايىدىل ئىشلەڭ: ئوڭ پۇتىڭىزنى بوشلۇقتا چەمبەر شەكلىدە ئايلاندۇرۇپ تۇرۇپ، قەغەزگە ئۆز ئىسمىڭىزنى يېزىپ بېقىڭ. بۇ قېتىم چوقۇم يازالمايسىز. بەلكى، يازغان خېتىڭىز خەتكە ئوخشىمايدىغان قالايمىقان سىزىقلار بولۇپ قالىدۇ. خەتنى يازسىڭىز پۇتىڭىزنى باشقۇرالماي قالىسىز، پۇتىڭىزنى ھەرىكەتلەندۈرسىڭىز قولىڭىزنى باشقۇرالماي قالىسىز.

بۇ تەجرىبە كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى چوڭ مېڭە تىزگىنلەپ تۇرىدىغانلىقىنى، چوڭ مېڭىنىڭ ئوخشاش بىر ۋاقىتتا ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل ھەرىكەتكە «قوماندانلىق» قىلالمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. شۇڭلاشقا

ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتا دىققەت ئېتىبارىنى مەركەزلەش-تۈرۈش لازىم. ئۇنداق قىلمىغاندا ھەرقانداق ئىشنى ياخشى قىلغىلى بولمايدۇ.

سىز يەنە پۇتىڭىزنى چەمبەر شەكىلدە ئايلاندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، قولىڭىز بىلەنمۇ چەمبەر سىزىڭ. بۇنى چوقۇم قىلالايسىز، بىراق، شۇنىڭغا دىققەت قىلىڭكى، پۇت ۋە قولنىڭ يۆنىلىشى ئوخشاش بولسۇن، ئوخشاش بولمىسا سىزىق يەنىلا قالايمىقان بولۇپ كېتىدۇ. ئويلاپ بېقىڭ، بۇ يەردىكى سىر نەدە؟

ماتېرىياللاردىن: ئابدۇۋەلى مەمتىلى

## توقۇم دېگەن سومكاڭدىكەنغۇ

مەكتەپتىن قايتقان بىر توپ بالىلار ئەسىردىن ئەپەندىنى گەپكە سالماق بولۇپ توسۇۋاپتۇ. بالىلارنىڭ بىرسى ئەپەندىمنىڭ ئېشەكنى ھەممەي يېتەكلىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ بىر شاقىچاق قىلىۋالغان پۇرسەت كەپتۇ دەپ ئويلاپتۇ-دە:

— ئەپەندىم، ئېشىكىڭىز يېغىر بولۇپ قاپتۇ، مىنەلمىگەن ئوخشىمامسىز؟— دەپتۇ.

ئەپەندىم سوزىكىلىرىنى ئېسىۋالغان بالىلارغا بىر قۇر سەپسېلىپتۇ-دە كۈلكىدىن ئۆزىنى توختىتىۋالالمىغاندەك ھىلىقى بالىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— راست ئېيتىسەن بالام، ئېشىكىمنىڭ توقۇمى يوقۇلۇپ كېتىپ، توقۇمسىز ئىشلىتىپ يېغىر بولۇپ كەتتى. ئۇنى كىم ئېلىۋالدىكىن دېسەم سېنىڭ سومكاڭدىكەن-غۇ— دەپتۇ ھىلىقى بالىنىڭ سومكىسىدىن چىقىپ تۇرغان يىرتىلىپ ھەم كىرلىشىپ كەتكەن بىر كىتابنى تارتىپ تۇرۇپ.

# قانداق ئورۇنلاردا ھەر كۈنى دۆلەت بايرىقى چىقىرىلىدۇ؟

تۆۋەندىكى جايلاردا ھەر كۈنى دۆلەت بايرىقى چىقىرىلىدۇ: پايتەختتىكى تيەنئەنمېن مەيدانى، شىنخۇامېن دەرۋازىسى، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، مائارىپ مىنىستىرلىكى، ناھىيىدىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ دائىمىي ئاپپاراتلىرى، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى، خەلق سوت مەھكىمىلىرى، پۈتۈن كۈنلۈك ھەر خىل مەكتەپلەر (يەكشەنبە ۋە قىشلىق، يازلىق تەتىل كۈنلىرىدە ئاسماسلىق بولىدۇ) پورتلار، ئايرودرومى، چېگرىدىكى پويىز ئىستانسىلار، كېمە پىرىستانلار، دۆلەتكە ۋەكىلەن ئالمىشىدىغان تاشقى ئىشلار ئورگانلىرى، تاموژنا، چېگرا مۇداپىئە پونكىتلىرى.

بايراقلار بايراق خادىسىغا چىقىرىلىشى ياكى دەرۋازىنىڭ ئۈستىگە ئېسىلىشى لازىم. دۆلەت بايرىقى باشقا بايراقلاردىن ئېگىز چىقىرىلىدۇ. دۆلەت بايرىقىنى بايراق خادىسىنىڭ ئەڭ ئۇچىغىچە چىقىرىش، چۈشۈرگەندە يەرگە ساڭگىلىتىپ قويماسلىق لازىم.

ئابدۇغېنى مۇھەممەت



AltunOq

# سان قۇيرۇقىنىڭ رولى

## (بېشى ئۆتكەن ساندا)

**6** — $6 = 2 \times 3$ بولغانلىقتىن، بىر ساننىڭ بۆلگۈچىسى 3 بولسا ھەمدە بۇ ساننىڭ بىر تال جۈپ «قۇيرۇقى» بولسا، بۇ سان 6 گە پۈتۈن بۆلۈنىدۇ.

ئەمدى سىز مۇشۇ «قۇيرۇق» قا ئاساسلىنىپ، 58524 نىڭ 6 گە پۈتۈن بۆلۈنىدىغان ياكى بۆلۈنمەيدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىڭ.

**7** — 7 نىڭ بىرەر ساننىڭ بۆلگۈچىسى بولۇش-بولماسلىقىغا ھۆكۈم قىلىش ئاسان ئەمەس. ئەگەر بېرىلگەن ساننىڭ خانە سانى كۆپ بولمىسا، مەسىلەن، بىر خانىلىق، ئىككى خانىلىق ياكى ئۈچ خانىلىق سان بولسا، بىۋاسىتە بۆلۈش ئەمەلى بويىچە ھېسابلاپ كۆرۈشكە بولىدۇ. خانە سانى بىرقەدەر كۆپ بولسا، بۆلۈپ بېقىش خېلىلا قول تۇتىدۇ. مەسىلەن، 112217 سانى 7 گە پۈتۈن بۆلۈنەمدۇ-يوق، بۇنىڭ سانى پارچىلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئىزلەپ باقايلى!

$$112217 = 112 \times 1000 + 217$$

$$= 112 \times (1001 - 1) + 217$$

$$= 112 \times 1001 + (217 - 112)$$

$$1001 = 7 \times 11 \times 13$$

دىققەت:

روشەنكى، بۇنىڭ ئالدىنقى ئەزاسى 7 گە پۈتۈن بۆلۈنسە، ئەسلىدىكى سان 112217 نىڭ 7 گە پۈتۈن بۆلۈنۈشى ـ بۆلۈنمەسلىكىدە، گەپ كېيىنكى ئەزا 112 — 217 دە قالدى، يەنى كېسىۋېلىنغان بۇ ئۈچ خانىلىق «قۇيرۇق»لارنى ئۆزئارا ئېلىپ، ئايرىمىسىنىڭ 7 گە پۈتۈن بۆلۈنىدىغان ياكى بۆلۈنمەيدىغانلىقىغا قاراشقىلا بولىدۇ. ھېساپلايلى!

$$217 - 112 = 105 = 7 \times 15$$

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، 112217، 7 گە پۈتۈن بۆلۈنىدۇ.

بۇ ئۇسۇلنى داۋاملىق قوللىنىپ باقايلى. مەسىلەن،

$$207137007 \to 207137\ \ 007 \to 207137 - 007 = 207130 \to 207\ \ 130 \to 207 - 130 = 77 = 7 \times 11,$$

شۇنىڭ ئۈچۈن 207137007، 7 گە پۈتۈن بۆلۈنىدۇ.

يۇقىرىدىكى مىسالدىن چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇكى:

ئالدى بىلەن ئەسلىدىكى ساندىن ئۈچ خانىلىق «قۇيرۇق» كېسىۋېلىنىدۇ، ئاندىن بۇ ئىككى بۆلەك ساننىڭ ئايرىمىسى تېپىلىدۇ. مۇشۇنداق ئۈزلۈكسىز قايتا تاشلاش يولى بىلەن ئېرىشىلگەن كىچىكلىتىلگەن يېڭى «قۇيرۇق» سان 7 گە پۈتۈن بۆلۈنسە، ئۇ ھالدا 7 ئەسلىدىكى ساننىڭ بۆلگۈچىسى بولىدۇ.

سىز يۇقىرىقىدەك قايتا تاشلاش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، 95061659 نىڭ 7 گە پۈتۈن بۆلۈنىدىغان ياكى بۆلۈنمەيدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىڭ.

8

دىققەت: 10 بىلەن 100، 8 گە پۈتۈن بۆلۈنمەيدۇ، 1000 بولسا 8 گە پۈتۈن بۆلۈنىدۇ.

ئەمدى خالىغان بىر سان — 123456 نى ئالايلۇق، بۇ سان 8 گە پۈتۈن بۆلۈنەمدۇ-يوق؟ بۇ ساننىمۇ پارچىلاپ باقايلى:

$$123456 = 123 \times 1000 + 456$$

بۇنىڭ ئالدىنقى ئەزاسىنىڭ 8 گە پۈتۈن بۆلۈنىدىغانلىقىدا گەپ يوق، ئاساسىي مەسىلە كېيىنكى ئەزاسىدا، يەنى ئۈچ خانىلىق «قۇيرۇق» تا. چۈنكى $456 \div 8 = 57$، شۇنىڭ ئۈچۈن 123456، 8 گە پۈتۈن بۆلۈنىدۇ.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى: ئۈچ خانىلىق «قۇيرۇق» 8 گە پۈتۈن بۆلۈنسە، ئەسلى سانمۇ 8 گە پۈتۈن بۆلۈنىدۇ.

**9** 9 نىڭ بىرەر ساننىڭ بۆلگۈچىسى بولۇشىنى ئېنىقلاش ئۇسۇلى 3 كە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. تۆۋەندىكى ھېسابلاشتىن ئۇنىڭ قائىدىسىنى تېپىپ چىقايلى.

$$78246 = 7 \times 10000 + 8 \times 1000 + 2 \times 100 + 4 \times 10 + 6$$
$$= 7 \times (9999 + 1) + 8 \times (999 + 1) + 2 \times (99 + 1) + 4 \times (9 + 1) + 6$$
$$= (7 \times 9999 + 8 \times 999 + 2 \times 99 + 4 \times 9) + (7 + 8 + 2 + 4 + 6)$$

**10** 10 غا پۈتۈن بۆلۈنىدىغان سانلارنى بىلىشتىن ئاسان ئىش يوق. «قۇيرۇق» ىدا 0 بولغان ھەر قانداق سان 10 غا پۈتۈن بۆلۈنىدۇ.

**11** 7 ئۈستىدە توختالغىنىمىزدا، مۇنداق بىر تەڭلىككە يولۇققان ئىدۇق: $1001 = 7 \times 11 \times 13$ شۇڭا 11 نىڭ بۆلگۈچى بولۇشىنى 7 گە ئوخشاش ھۆكۈم

قىلساق بولىدۇ. مەسىلەن، يۇقىرىدىكى ئۇسۇل بويىچە مۇنـ
داق بولىدۇ:

$$95061659 \to 95061 - 659 = 94402 \to 94 \quad 402 \to$$
$$94 - 402 = -308 = 11 \times 7 \times (-4)$$

شۇنىڭ ئۈچۈن 95061659، 7 گە پۈتۈن بۆلۈنىدۇ، 11 گىمۇ پۈتۈن بۆلۈنىدۇ.

11 نىڭ پۈتۈنچە بۆلۈنۈشنى ئېنىقلاشتا تېخىمۇ ئاسان بىر ئۇسۇل بار. بۇنى تۆۋەندىكى مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرىمىز:

$$\begin{aligned} 9361 &= 9 \times 1000 + 3 \times 100 + 6 \times 10 + 1 \\ &= 9(1001 - 1) + 3 \times (99 + 1) + 6 \times (11 - 1) + 1 \\ &= (9 \times 1001 + 3 \times 99 + 6 \times 11) + (-9 + 3 - 6 + 1) \end{aligned}$$

1001، 99، 11 لەرنىڭ ھەممىسى 11 گە پۈتۈن بۆلۈنگەنلىكى ئۈچۈن، ئالدىنقى تىرناق ئىچىدىكى سانلارمۇ 11 گە پۈتۈن بۆلۈنىدۇ. ئەمدى كېيىنكى تىرناق ئىچىدىكى سانلارنىڭ يىغىندىسى — جۈپ خانىلىق رەقەملەر بىلەن تاق خانىلىق رەقەملەر يىغىندىسىنىڭ 11 گە پۈتۈن بۆلۈندىـ غان ياكى بۆلۈنمەيدىغانلىقىغا قارىساقلا بولىدۇ. $-9 + 3 - 6 + 1 = -11$، شۇڭا بۇ 11 گە پۈتۈن بۆلۈنىدۇ. شۇڭا ئەسلىدىكى سانمۇ 11 گە پۈتۈن بۆلۈنىدۇ.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا: ئەگەر مەلۇم ساننىڭ جۈپ خانىلىرىدىكى رەقەملەر يىغىندىسى بىلەن تاق خانىلىرىدىكى رەقەملەر يىغىندىسىنىڭ ئايرىمىسى 11 گە پۈتۈن بۆلۈنسە، ئۇ ھالدا بۇ سان 11 گە پۈتۈن بۆلۈنىدۇ.

يۇقۇرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك

$$9506 1659 \rightarrow (9+0+1+5)-(5+6+6+9)=-11$$

بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن 11 ئۇ سانىنىڭ بۆلگۈچىسى بولىدۇ. قاراڭ، بۇ يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان ئۇسۇلغا قارىغاندا كۆپ ئاسان ئەمەسمۇ؟

ئەمدى تېخىمۇ چوڭراق بىر قىسىم سانلارنىڭ بۆلـگۈچىسىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى: 4 × 3 = 12، بۇنىڭدا ھەرقايسى رەقەملەرنىڭ يىغىندىسى بىلەن ئىككى خانىلىق «قۇيرۇق» قا قاراپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

13، بۇنى «7» گە قاراپلا، ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بايقىيالايمىز.

2 × 7 = 14، بۇنى سىزنىڭچە قانداق قىلساق بولار؟

5 × 3 = 15، بۇنىمۇ يۇقۇرىدىكىلەرگە قاراپ ئۆزىڭىز چۈشىنىۋالالايسىز.

بولىدىكى! ھەممىنى مۇشۇنداق بىر بىرلەپ تەھلىل قىلىشىڭىز زۆرۈرىيىتىمۇ يوق. دائىم قوللىنىلىدىغان بۆلگۈچىلەر ۋە ئۇلارغا ھۆكۈم قىلىش ئۇسۇللىرى يۇقۇرقىلاردىن ئىبارەت.

سانلار «قۇيرۇق» نىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىغا قاراپ، ئۇلارنىڭ بۆلگۈچىسىنى پەرقلەندۈرۈۋالغىلى بولىدۇ. مۇشۇ يول بويىچە تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ئىزلەنگەندە، ماتېماتىكىنىڭ ئاجايىپ سىرلىرىنى تېپىپ چىقىش قىيىن ئەمەس.

ئابلىكىم قادىر



AltunOq



## هايۋاناتلار ئىچىدىكى پالۋان

هايۋاناتلار ئىچىدە قايسىسىنىڭ كۈچى ئەڭ كۆپ؟ بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىلىپ، يولۋاس ياكى ئۆكۈز قاتارلىق هايۋاناتلارنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈشىڭىز مۇمكىن.

بىراق، بۇ چوڭ هايۋانلارنىڭ ھەرقايسى ئۆز تېنىدىن 20 ھەسسە ئېغىر نەرسىنى كۆتۈرەلمەيدۇ. لېكىن ھېچكىممۇ كۆزگە ئىلمايدىغان كىچىككىنە بىر چۈمۈلە ئۆز تېنىدىن 50 ھەسسە ئېغىر تاشنى ئانچە بەك كۈچ سەرپ قىلمايلا كۆتۈرەلەيدۇ. ئۇچار قاناتلار ئىچىدىكى جۇغى ئەڭ كىچىك ھەسەل ھەرىسىمۇ ئۆز تېنىدىن 300 ھەسسە ئېغىر نەرسىلەرنى كۆتۈرەلەيدۇ. شۇڭا، چۈمۈلە بىلەن ھەسەل ھەرىسى ھايۋاناتلار ئىچىدىكى ھەقىقىي پالۋانلار ھېساپلىنىدۇ.

## چىلان دەرىخىدىكى خاسىيەت

ساۋاقداشلار، چىلان دەرىخىنىڭ ھاۋا كىلىماتىنىڭ قۇرغاق ياكى ھۆل بولىدىغانلىقىدىن «ئالدىن مەلۇمات» بېرەلەيدىغانلىقىنى بىلەمسىزلەر؟

چىلان دەرىخى ھاۋا قۇرغاقچىلىق بولىدىغان بولسا، شۇ يىلى ئۇن كۈن ئەتراپىدا كېچىكىپ بىخ چىقىرىدۇ. ئەگەر شۇ يىلى ھۆل-يېغىن كۆپ بولىدىغان بولسا، ئۇ

ئۇن كۈن ئەتراپىدا بالدۇر بىخ چىقىرىدۇ. دېخان تاغىلار چىلان دەرىخىنىڭ بالدۇر ۋە كېچىكىپ بىخ چىقىرىشىغا قاراپ، شۇ يىلى ھۆل-يېغىننىڭ ئاز-كۆپلىكىنى پەرەز قىلىدۇ: مۇبادا چىلان دەرىخى كېچىكىپ بىخلىسا، شۇ يىلى قۇرغاقچىلىققا قارشى تۇرۇشقا پۇختا تەييارلىق ھازىر-لاپ قويىدۇ.

ئۆمەرجان مۇھەممەت

## قەلەمنىڭ قاپقىقىنى بۇراپ ئاچقىلى بولمىسا قانداق قىلىش كېرەك؟

سىز مەشىق دەپتىرىڭىزنى ئېچىپ تاپشۇرۇق ئىشلىمەكچى بولۇۋاتقىنىڭىزدا، قەلەمنىڭ قاپقىقىنى بۇراپ ئاچالماي قالسىڭىز، قانچە جىلى بولۇپ كېتىسىز-ھە!

بۇنداق ئەھۋالدا ئانچە بەك جىلى بولۇپ كەتمەڭ، بۇنىڭ ئامالى بار. سىز بىر قاچىغا ئىسسىق سۇ قۇيۇپ قەلەمنى بىردەم چىلاپ قويۇڭ، ئاندىن قەلەمنى ئېلىپ قاپقىقىنى ئاستا بۇرىسىڭىز ئوڭايلا ئېچىلىدۇ.

بۇنىڭدىكى سەۋەب نېمە؟ بۇ سىزگە: جىسىملارنىڭ ئىسسىقتىن كېڭىيىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. يەنى، قەلەمنىڭ قاپقىقى ئىسسىق سۇ ئىچىدە تۇرۇپ كۆپۈپ كېڭىيىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى قەلەمنىڭ گەۋدىسى ئىسسىقتىن كېڭەيسىمۇ، لېكىن قەلەمنىڭ قاپقىقىغا قارىغاندا قوبۇل قىلغان ئىسسىقلىقى ئاز بولغاچقا، كېڭەيمىسى دەرىجىسىمۇ ئانچە چوڭ بولمايدۇ، شۇڭا قەلەمنىڭ قاپقىقى بۇرۇلۇپ ئوڭايلا ئېچىلىدۇ.

## سائەت

### مېھراي ئەركىن

(ئۈرۈمچى شەھەرلىك 5 - ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇقسىز 3 - يىللىق ئوقۇغۇچىسى)



بىزنىڭ ئۆيدە قوڭغۇراقلىق ئۈستەل سائىتى يوق ئىدى، مەن ھەر كۈنى مەكتەپكە كېچىكىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، كېچىسى بىرنەچچە قېتىم چۆچۈپ ئويغىنىپ، دېرىزىدىن سىرتقا قارايتتىم. بەزىدە ھەتتا ئەتىگەنلىك چېيىمنى ئىچىشكە ئۈلگۈرمەي مەكتەپكە ماڭاتتىم، بەزىدە بەك ئەتىگەن تۇرۇۋېلىپ تاڭ يورۇشىنى كۈتۈپ ئولتۇراتتىم. بۇ ھال مېنىڭ ئۆگىنىشىم ۋە كۈندىلىك پائالىيەتلىرىمنى نورمال ئېلىپ بېرىشىم ئۈچۈن توسالغۇ بولدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ مەن ئۆيىمىزدە بىر قوڭغۇراقلىق ئۈستەل سائىتىنىڭ بولۇشىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتىم-ھە! ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەن جىرىڭلاپ بىزنى ئويغاتسا، ۋاقتىغا قاراپ مەشغۇلات جەدۋىلى تۈزۈۋالسام قانداق ياخشى بولاتتى-ھە! بىراق، ئاپام بىلەن دادامنىڭ مائاشى تۆۋەن، ئۆيىمىزدىكى بەدىجان كىشى ئارانلا تۇرمۇش كەچۈرىدىغان تۇرساق، ئۆيدىكىلەرگە سائەت ئېلىپ بەر دېگىلى بولامدۇ؟ ئويلا-ئويلا ئاخىرى ئاتا-ئانامغا ئېغىرچىلىق سالماي، ئۆزەم پۇل يىغىپ سائەت ئېلىشنى قارارىغا كەلدىم. شۇنىڭ بىلەن كېرەكسىز

قەغەز، بوتۇلكا ۋە سۆڭەكلەرنى يىغىپ ساتتىم. دادام ۋە ئاپاملار ئاپتوۋۇزغا چۈشۈش ئۈچۈن بەرگەن پۇلغا ئاپتوۋۇزدا ئولتۇرماي، مەكتەپكە پىيادە بېرىپ كەلدىم. ھېيت - بايرام-لاردا خەشلەش ئۈچۈن بەرگەن پۇللارنىمۇ خەشلەشكە كۆزۈم قىيماي ئىقتىسات قىلدىم. يازنىڭ تومۇز ئىسسىق كۈنلىرىدە ھەر بىر - ئىچىپ كەتسەممۇ، بەش يۈزلۈك بىڭگور ئېلىپ يېيىشكە كۆزۈم قىيمايتتى. ھېلىمۇ ئېسىمدە، بىر قېتىم سىڭلىم ئىككىمىز مەكتەپتىن بىللە قايتقان ئىدۇق. سىڭلىم بىڭگور ساتقۇچىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئۇسساپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ، مەندىن بىر بىڭگور ئېلىپ بېرىشنى ئۆتۈندى. مەن ئۇنىڭغا قانچە چۈشەندۈرسەممۇ، ئۇ غىڭشىپ ئۆيىمىزگە كىرمىدى. ئىلاجىسىز ئۇنىڭغا بىر



بىڭگور ئېلىپ بەردىم، ئۇ مېنىڭ ئۆزەم ئېلىپ يېيىشكە كۆزۈم قىيمىغانلىقىمنى تۇيمىدى بولغاي، بىڭگورنىڭ يېرىمىنى ماڭا بەردى. يەنە بىر قېتىم، مەن بىرنەچچە ساۋاقداشلىرىم بىلەن بىللە مەك-تەپتىن قايتتىم. بىر يول بويى ناھايىتى قىزىقارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆھبەتلىشىپ ماڭدۇق. يول بويىدىكى بىر بوتكا ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىمىزدا، كۆزۈمىز بوتكا ئىچىدە رەتلىك تىزىلغان رەڭدار تاغاقلارغا چۈشتى. ساۋاقداش-لىرىمنىڭ ھەممىسى بۇ تاغاقلاردىن بىردىن ئېلىشتى. ئۇ قىزىقچىلىقتا مېنىڭمۇ بىرنى ئالغۇم كەلدى. مەن يان-چۇقۇمغا قولۇمنى ئۇزاتتىم-يۇ، ئەمما دەرھال تارتىۋالدىم.

چۈنكى، دەل شۇ چاغدا مېنىڭ كۆز ئالدىمدا چىرايلىقىنە بىر سائەت پەيدا بولغان ئىدى. مەن تاغاق ئالسام سائەت ئالدىدىكى يۆلىنىش كەملەپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، تاغاق ئېلىشتىن ۋاز كەچتىم. مانا شۇ تەرىقىدە بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى. ھېساپلاپ كۆرسەم، ئون سەككىز يۈەن، بەش مو، ئاتنە ئۈنى پۇل يىغىپتىمەن. قانداق ياخشى-ھە! تاما-تەن كۆل بولار دېگەن شۇ.

بىر يەكشەنبە كۈنى، سىڭلىم ئىككىمىز بازارغا چىقىپ بىر سائەت سېتىۋالدۇق، دادام بىلەن ئاپام مەندىنمۇ بەك خوشال بولدى.



مەن بىر مەشغۇلات جەدۋىلى تۈزۈۋالدىم: كەچتە سائەتنى بەشكە توغرىلاپ قويۇپ ئۇخلىسام، ئەتىگىنى جىرىڭلاپ بىزنى ئويغىتىدۇ. بەش يېرىمغا قەدەر كىيىملىرىمنى كىيىپ، ئورۇن-كۆرپەمنى يىغىمەن، سۇت ئەپكىرىمەن. سائەت ئالتە يېرىمغىچە گىمناستىكا ئوينايمەن، يۈز-كۆزۈمنى يۇيىمەن. ئەتىگەنلىك چاينى ئىچىمەن، يېرىم سائەت كىتاب كۆرىمەن. سائەت يەتتىدە مەكتەپكە ماڭىمەن. چۈشتىن بۇرۇنقى تۆت سائەت دەرس ئاياقلاشقاندىن كېيىن، چۈشلۈك دەم ئېلىشتا ئۆيگە قايتىپ، ئاپامنىڭ تاماق ئېتىشىگە ياردەملىشىمەن. چۈشتىن كېيىن سائەت بەش يېرىمدىن ئالتە يېرىمغىچە ئۆي ئىشىغا ياردەملىشىمەن. ئالتە يېرىمدىن يەتتە يېرىمغىچە كىتاب كۆرىمەن. ئۇندىن كېيىن، ئىككى سائەت دۇزاكىرە قىلىمەن. ئاخىرىدا، يېرىم سائەت شەخسىي تازىلىق قىلىپ،


AltunOq

# پويىزغا تۇنجى قېتىم چۈشۈش

ليەن شاۋچۈەن

(سىچۈەن ئۆلكىسى ۋەنشيەن ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ
تولۇقسىز 1 - يىللىق ئوقۇغۇچىسى)

بالىلىق دەۋرىمنىڭ تولىسى يېزىدا ئۆتتى، مەن پويىزغا چۈشۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، كۆرۈپمۇ باقمىغان ئىدىم، پويىز توغرىسىدا شەھەرگە كىرگەنلەردىنلا ئاڭلايتتىم.

دادام شەھەردە خىزمەت قىلاتتى، 1976 - يىلى باھاردا، ئۇ مېنى يۇرتىمىزغا ئالغاچ بېرىپ، بوۋامنى يوقلاپ كەلمەكچى بولدى، پويىزغا چۈشۈپ بارىدىغانلىقىمىزنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقىمدىن كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىدى.

بىز يېرىم كېچىدە يولغا چىقتۇق. قاتىچىنىڭ تاغ يوللىرىنى ماڭدۇق - كەن. تاڭ، پويىز ئىستانسىغا يېقىنراق كىچىك بىر بازارغا يېتىپ كەلدۇق. مەن كېتىۋېتىپ ئويلايتتىم: «پويىز قانداق نەرسىكىنە؟ كىشىلەر پويىزنىڭ لىگەندەك كۆزى بار ئىكەن، كەچ بولغاندا ئۇنىڭ كۆزى

---

سائەتنى بەشكە توغرىلاپ بۇراپ قويىمەن - دە، سائەت ئوندا ئۇخلايمەن، شەنبە ۋە يەكشەنبە كۈنىدىن باشقا ۋاقىتلاردا قەتئىي تېلېۋىزور كۆرمەيمەن.

مەن، سائەت ئېلىپ مەشغۇلات جەدۋىلى تۈزىۋالغاندىن بۇيان، تۇرمۇشۇم ئىنتايىن تەرتىپلىك تۈزۈمداشقان بولدى.

ئەتراپنى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋېتىدىكەن، دېيىشىۋاتاتتى. ھە،
راست ئۇنىڭ ئاغزىمۇ ناھايىتى يوغان ئىكەن، ئۇنداق
بولمىسا كىشىلەر: پويىز ئاچچىقى كېلىپ بىر ۋاقىرىسا ئاۋازى
نەچچە كاللىنىڭ مۆرىشىنى بېسىپ چۈشىدۇ دېمەيدۇ-دە.
توغرا، ئۇ دېڭىزغا ئوخشايدىغان بىر نەرسە بولۇشى مۇمكىن.
ئۇ بالىلارنى يەپ كەتمەمدىغاندۇ؟...» مەن ئويلىغانسېرى
قورقۇپ، ئۇنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈشكە پېتىنالماي،
دادامغا يېقىن ئەگىشىپ ماڭدىم.

پويىز ئىستانسىسىغىمۇ يېتىپ باردۇق، مەن ئۈستى-
بېشى ئەتىيازدا يېڭى ئۈسكەن ئوتلارنىڭ رەڭگىدە بويال-
غان، يوغان سەرەڭگە قاپلىرىغا ئوخشايدىغان نەرسىلەرنىڭ
قاتار چېتىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. دادام ماڭا مۇشۇ
نەرسىنىڭ پويىز ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندىلا، پويىزنىڭ نېمە
ئىكەنلىكى ماڭا ئايان بولدى.

پويىزغا ئولتۇردۇق، مەن ئۇنىڭغا-بۇنىڭغا ھەيران
بولۇپ قارىدىم. پاھ، پويىزغا كارامەت جىق ئادەم ئولتۇرى-
دىكەن. دادام مېنى بوش بىر ئورۇنغا باشلاپ كەلدى.
مەن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ باقسام بەكمۇ يۇمشاق ئىكەن،
بۇ مومامنىڭ ئۆيىدىكى كىچىك ياغاچ ئورۇندۇقتىن كۆپ
راھەت ئىكەن ئەمەسمۇ؟ مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ يەنە
ئۆزەمنى تاشلاپ ئولتۇرغان ئىدىم، قاڭقىپ چىقىپ موللاقلاپ
چۈشكىلى تاسلا قالدىم.

پويىز قوزغىلىپ، ئاستا-ئاستا ئىلگىرىلەپ كەتتى،
جالاق-جۇلۇق، جالاق-جۇلۇق قىلغان رىتىملىق ئاۋاز
بىلەن مېنى ئۇخلىغۇدەك بېسىشقا باشلىدى. قۇلاق تۈۋىدە

ئاڭلىنىۋاتقان سىمفونىيە مۇزىكىسى ماڭا ئەللەي ناخشىسى بولدى.

ئويغىنىپ قارىسام كۈن خېلى ئېگىز ئۆرلەپ كېتىپتۇ. مەن ھەيران بولۇپ بېشىمنى دەرىزىدىن چىقىرىپ قارىدىم. ۋاي-ۋۇي، ئېگىز تاغلار، دەرەخلەر، ئۆستەڭلەر پويىزنىڭ كەينىگە قاراپ چېپىۋېتىپتىغۇ! بىردەمدىن كېيىن ئۇپۇق بىلەن تۇتاشقان كەڭ دالامۇ خۇددى ئۇزۇن گىلەمدەك پويىزنىڭ كەينىگە سىيرىلىشقا باشلىدى، يىراق ھېچ سىيرىلىپ تۈگىمەيتتى. ئېتىز قىرلىرىدا كالىلارغا مىنىۋېلىپ نەي چېلىۋاتقان، لەگلەك ئۇچۇرۇۋاتقان بالىلارمۇ ئۇچراپ تۇراتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى سەھەردىكى قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرلىرىغا چۆمگەن پويىزنىڭ كەينىدە غايىپ بولاتتى.

پويىز شىمالغا قاراپ نەچچە كېچە-كۈندۈز ماڭغاندىن كېيىن، ئالدىمىزدا ئېگىز-ئېگىز ئۆيلەر كۆرۈندى. «پويىز-دىن چۈشەيلى» دېدى دادام ماڭا. مەن خاپا بولۇپ—«تېخى پوخادىن چىققىچە ئولتۇرمىدىم، چۈشمەيمەن، چۈشمەيمەن...» دەپ تۇرۇۋالدىم. دادام مېنى بەزلەپ: «بوۋاڭ ئىستانسىدا بىزنى كۈتۈپ تۇرىدىغاندۇ، قايتىشىمىش سەپىرىمىزدە چوقۇم سېنى پوخادىن چىققىچە ئولتۇرغۇزۇپ قويىمەن» دېگەندىلا، پويىزدىن تەسلىكتە ئايرىلدىم، پويىز مېڭىپ كەتتى، ئۇ خۇددى مېنىڭ يۈرىكىمنىمۇ بىللە ئېلىپ كەتكەندەك بولدى.

## ئۆتكەندىن قېلىشمايمەن

(يومۇر)

ئانىسى:

— بالام، ئوقۇش مەۋسۇمى ئاخىرلاشتى، بۇ يىلقى ئۆگىنىش نەتىجەڭ قانداقراق؟

ئوغلى:

— مېنىڭ نەتىجەممۇ؟... يېنىمدا ئولتۇرغان ساۋاقدىشىمنىڭكىگە ئوخشاش، ئىمتىھاندا ئۆتكەندىن توغرا كۆچۈرۋالىمەن...

## چېركاۋ مۇنارىدىن ئۆيگە



مىلادىيە 8 - ئەسىردىن 14 - ئەسىرگىچە غەرب ئەللىرىدە، چېركاۋ مۇنارلىرى ۋە پادىشاھ ئوردىلىرىنىڭ ئۈستىدە، نەچچە قەۋەتلىك بىنا چوققىلىرىدا مېخانىزملىق سائەتلەر پەيدا بولغان ئىدى. ئۇلار ئەينى زامانلاردا ۋاقىت ئەلچىسى بولۇپلا قالماستىن، يەنە مېخانىزم سانائىتىنىڭ جەۋھىرى بولۇپمۇ ھېسابلىناتتى. بۇنىڭغا بۇلارنىڭ ياڭراق ئاۋازلىرى ۋە سىرلىق كۆرۈنۈشلىرى قوشۇلۇپ، ئۇلارنى شۇ ۋاقىتتىكى شەھەرنىڭ ئېتىبارلىق سىمۋولى قىلىپ كۆرسىتەتتى. كىشىلەر بۇ چوڭ سائەتلەرگە ھەۋەس ۋە ھۆرمەت بىلەن نەزەر تاشلايتتى.

ئۇ مەزگىللەردە، ئۆيلەرگە سائەت ئورنىتىش ئەخمەقانىلىق ھېسابلىناتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى ئادەمنىڭ بويىدىن شۇنداق چوڭ ياسالغان بولۇپ، چىشلىق چاقنىڭ ھەرىكىتىنى تەڭشەيدىغان بۆلەكچە چاقنىڭ دىئامېتىرىلا بىر مېتىرغا يېتەتتى، ئېغىرلىقى بولسا نەچچە يۈز كىلوگرام

كېلەتتى، بۇنىڭدىن سائەتنىڭ ئۇمۇمىي ھەجىمىنىڭ قاپچىللىق ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئەمەس.

ئىتالىيىلىك ئالىم گالىلېي سائەتنى ئۆزگە كۆچۈرۈشـ تىنىڭ بۇ ئابىدىنى رېئاللىققا ئايلاندۇردى. 1583-يىلىنىڭ بىر كۈنى، گالىلېي پىسا چېركاۋىدا دىنىي مۇراسىمغا قاتنىـ شىۋېتىپ، تورۇسقا ئۇزۇنلۇقى ئوخشاش زەنجىرلەردە ئېسىلغان ھەر خىل چوڭلۇقتىكى چىراغلارنىڭ ئوخشاش سۈرئەتتە تەۋرىـ نىۋاتقانلىقىغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. گالىلېي تەپسىلىي تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ماياتنىكنىڭ تەۋرىنىشىنىڭ تېز-ئاستا بولۇشى ماياتنىكنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ۋە ئېغىرلىقى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بايقىدى. تەپەككۇر قىلىشتا ماھىر گالىلېينىڭ كاللىسىغا دەرھال ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، سائەت ماياتنىكىنىڭ تەۋرىنىش ئارىلىقىنى تەڭشەشكە بولىدىكەنتۇق؟ دېگەن ئوي كېلىدۇ.

1641-يىلى، گالىلېي تەۋرىنىش ئارىلىقلىرى ئوخشاش بولغان ئاسما ماياتنىكنى لايىھىلەپ ياساپ، بۇرۇنقى دېۋاتىكلار ئىشلىمىگەن يېڭىلىقنى ياراتتى. 1656-يىلى خرىستىيان دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان گوللاندىيىلىك ئالىم ھايگېنس ئاسما ماياتنىكلىق سائەتنى كەشىپ قىلدى.

بۇ ئىشنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلغانلار يالغۇز گالىلېي ۋە ھايگېنسلا ئەمەس، يەنە نۇرغۇن غايىلىك ئادەملەرمۇ بۇ ئىش ئۈستىدە ئىزدىنىپ تەتقىق قىلغان، بەزىلىرى تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن



AltunOq

زامانغا تونۇلالماي قالغان ئىدى. 1967 - يىلى مەلۇم بىر كىشى ئالىم لېئوناردوداۋىنچىنىڭ بىر پارچە ئەيتى ئەسىرىنى تېپىۋالغان، كىشىلەر قىسمىتى ئالدىقاچان يوقالدى دەپ قارىغان بۇ ئەسەردە ئۇنىڭ 1495 - يىلىلا سائەت ماياتنىكى-نىڭ چېرتيوژىنى سىزغانلىقىنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ قېلىشقان.

ئوراپ چىڭىتىلغان يۈرۈشنا بىلەن ھەركەتلىنىدىغان ماياتنىكنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ، سائەت بارغانسېرى توغرا ماڭىدىغان بولدى، ھەجىمى كىچىكلىدى. شۇنداق قىلىپ، تام سائىتى ياساشقا مۇمكىنچىلىك تۇغۇلدى.

1675 - يىلى، گوللاندىيىلىك ئالىم گيۇگېنس دورلۇق تىزما چاق سېستېمىسىنى ماياتنىكنىڭ ئورنىغا بىرىنچى بولۇپ دەسسەتتى. بۇنىڭ بىلەن سائەتنىڭ ھەجمى تېخىمۇ كىچىكلەپ، كىشىلەر ئۇنى ئېلىپ يۈرەلەيدىغان بولدى.

1876 - يىلى تۇنجى يانچۇق سائىتى بارلىققا كەلدى.

1902 - يىلى تۇنجى مېخانىزىملىق قول سائىتى بارلىققا كەلدى. شۇنداق قىلىپ، سائەت چىركاۋ مۇنارىسىدىن ئۆيگە كۆچۈپ كىردى.

## بۈگۈن كېچە ئۆلۈپ قالسىڭىزچۇ؟

بىر ياش رەسسام مەسلىھەت سوراش مەقسىتىدە ئۆز ئەسىرىنى كاتتا رەسسام كامىلغا كۆرسەتتى. كامىل رەسسىمنىڭ بىرقانچە نۇقساننى كۆرسىتىپ بەردى.

— رەھمەت سىزگە، — دەيدۇ ياش رەسسام، — ئەتىلا ئۆزگەرتىشكە تۇتۇش قىلاي.

— نېمىشقا ئەتە تۇتۇش قىلىسىز؟ — دەيدۇ كامىل جىددىيلىشىپ، — ئەگەر بۈگۈن كېچە ئۆلۈپ قالسىڭىزچۇ؟

## ئات هارۋىسى ۋە ئاپتوموبىل

1877 - يىلى، ئىچىدىن يانىدىغان يېتەك، ئۈنۈمى يۇقىرى دېۋىگاتېل مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، نۇرغۇن كەشپىياتچىلار ئۇنى ئات هارۋىسىغا ئورناتماقچى بولۇشتى. بېنتس ۋە دائىملېر دېگەن ئىككى نەپەر 1885 - ۋە 1886 - يىللىرى ئىچىدىن يانىدىغان دېۋىگاتېلنى ئايرىم - ئايرىم هالدا ئات هارۋىسىغا ئورنىتىپ، دۇنيا بويىچە ئەڭ دەسلەپكى ئاپتوموبىلنى ياساپ چىقتى.

ئەمما، يېڭىدىن مەيدانغا كەلگەن بۇ ئاپتوموبىل كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى دەرهال قوزغىيالمىدى، ئۇنىڭ قۇلاق - مېڭىنى يېگۈدەك قاتتىق ئاۋازى ۋە كۆزنى ئېچىشتۇرىدىغان ئاچچىق ئىسى كىشىلەرگە ياقمىدى. هەتتا بىرمۇنچە دېھقانلار ئاپتوموبىل كېلىپ تېرىلغۇمىزنى بۇز- مىسۇن دەپ، يولغا بوتۇلكا سۇنۇقلىرى، پىچاق ۋە مىخلارنى تاشلاپ قويىدىغان بولدى.

قانداق قىلىش كېرەك؟

ئاپتوموبىل تەشەببۇسچىلىرى: ئات ئاساسىي قاتناش ۋاسىتىسى قىلىنىدىغان چاغلاردىكى كىشىلەر دائىم ئات بەيگىسى ئۆتكۈزەتتى، ئۇ كىشىلەرنى ئاتقا قىزىقتۇرالايتتى. ئەمدى ئات هارۋىسىنىڭ ئورنىنى ئاپتوموبىل ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئاپتوموبىل مۇسابىقىسى ئۆتكۈزەيلى، دەپ ئويلىدى.

1895 - يىلى، فرانسىيىنىڭ پارىژ شەهىرى بىلەن

بوردو شەھىرى ئارىلىقىدا (بېرىپ كېلىش مۇساپىسى 1200 نەچچە كىلومېتىر) بىر قېتىم ئاپتوموبىل مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلىدى، ناھايىتى نۇرغۇن كىشى كۆرگىلى كەلدى. چۈنكى بۇنچە ئۇزۇن مۇساپىنى ئات ھارۋىسىنىڭ باسالىشى تەسەۋۋۇرغا سىغمايدىغان ئىش ئىدى، ئاپتوموبىل بولسا سائىتىگە 24 كىلومېتىردىن يول يۈرۈپ، پۈتۈن مۇساپىنى بىخىرامان ھالدا 50 سائەتتە بېسىپ بولدى. ئاپتوموبىلنىڭ ئات ھارۋىسىدىن كۆپ چىداملىق ئىكەنلىكىنى كۆرگەن كۆپچىلىك ئاپتوموبىلغا قىزىقىشقا باشلىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، نەچچە يىلدا بىر قېتىم ئاپتوموبىل مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇردى. 1901-يىلى، «كائۇبلون-بىرىلى» ماركىلىق ئاپتوموبىل سائىتىگە 165.7 كىلومېتىرلىق سۈرئەت ياراتتى. 1925-يىلى، ئاپتوموبىلنىڭ سۈرئىتى سائىتىگە 240 كىلومېتىرغا، 1965-يىلى سائىتىگە 988 كىلومېتىرغا يەتتى. 1970-يىلى، ئاپتوموبىل سائىتىگە 1000 كىلومېتىر يول يۈرۈش رېكوردىنى ياراتتى.

كىشىلەر ئاپتوموبىلنى تاشيولدىمۇ مۇسابىقە مەيدانىدىكىدەك تېز ماڭغۇزۇش ئۈچۈن، تېز سۈرئەتلىك تاشيول ياساشقا كىرىشتى. 1940-يىلى، دۇنيا بويىچە تۇنجى تېز سۈرئەتلىك تاشيول ئامېرىكىدا پۈتتى. ئۇ ئۇزۇنلۇقى 250 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان قوش لىنىيىلىك كەڭ، ئازادە سېمونت يول بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاپتوموبىللار بىر يۆنىلىشلىك يول يۈرۈشتىكە دەخلى قىلمايدۇ. شۇڭا بۇ تېز سۈرئەتلىك تاشيولدا سائىتىگە 140 نەچچە كىلومېتىر يولنى يۈرەلىگۈدەك باسالايدۇ.

ھازىر، ئاپتوموبىللار تېز سۈرئەتلىك تاشيولدا سائىتىگە 500 كىلومېتىر يول يۈرەلەيدىغان بولدى.

ماتېرىياللاردىن: باقۇر مامۇت




ئەي، دانىشمەن نەسىردىن ئەپەندى،

بىز تۇرۇۋاتقان مۇشۇ يەر شارىنىڭ مەركىزى نەدە؟

يەكەندىن: **ئابدۇلئەھەد**

ساۋاقداش ئابدۇلئەھەد، ئېكۋاتورنىڭ پايتەختى كىتو شەھىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى ئىگىزلىكتە ھەيۋەتلىك بىر مۇنارە قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ مۇنارىنى كىشىلەر ئېكۋاتور خاتىرە مۇنارىسى دەپ ئاتايدۇ. مۇنارە جايلاشقان جاي دەل يەر شارىنىڭ مەركىزىدۇر.

سوئال: يەر شارىدا شىمال بىلەن جەنۇبنىڭ چېگرىسى نەدە؟

جاۋاب: ئېكۋاتور خاتىرە مۇنارىسىنىڭ چوققىسىدا تاشتىن ئويۇپ ياسالغان بىر گىلوبۇس بار. ئۇنىڭ شىمالغا قاراپ تۇرغان تەرىپى يەر شارىنىڭ شىمالىغا، جەنۇبقا قاراپ تۇرغان تەرىپى يەر شارىنىڭ جەنۇبىغا تەۋە. گىلوبۇس ئوتتۇرىسىدىكى شىمالىي قۇتۇپ بىلەن جەنۇبىي قۇتۇپنىڭ ئوتتۇرىسىدا شەرق بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرىدىغان بىر ئايلانما سىزىق سىزىلغان بولۇپ، بۇ ئېكۋاتور سىزىقى

دەپ ئاتىلىدۇ. ئېكۋاتور سىزىقى يەر شارىنىڭ شىمالىي بىلەن جەنۇبىنى ئايرىپ تۇرىدىغان چېگرىدۇر.

**سوئال:** يەر شارىنىڭ يۇقىرى تەرىپى ۋە تۆۋەن تەرىپى بولامدۇ؟ يەر شارىنىڭ چېتى نەدە؟

**جاۋاب:** شىمالىي يېرىم شاردىكى كىشىلەر، شىمالىي قۇتۇپنى يەر شارىنىڭ يۇقىرى تەرىپى، جەنۇبىي قۇتۇپنى يەر شارىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدەك ھېس قىلىدۇ. جەنۇبىي يېرىم شاردىكى كىشىلەرنىڭ ھېس قىلىشى بۇنىڭ ئەكسىچە. ئەمەلىيەتتە يەر شارى ئېللىپس شەكلىدە بولغانلىقى ۋە ئۆز ئوقى ئەتراپىدا توختىماي ئايلىنىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ يۇقىرى تەرىپى ۋە تۆۋەن تەرىپى بولمايدۇ.

شىمالىي قۇتۇپ ــ يەر شارىنىڭ ئەڭ شىمالىي چېتى ھېسابلىنىدۇ. سىز بۇ يەردىن قايسىلا يۆنىلىشكە قاراپ ماڭماڭ، بەرىبىر جەنۇبقا قاراپ ماڭىسىز. چۈنكى بۇ يەردە شەرق، غەرب مەۋجۇت ئەمەس، شىمال تېخىمۇ مەۋجۇت ئەمەس. جەنۇبىي قۇتۇپ دەل بۇنىڭ ئەكسىچە يەر شارىنىڭ جەنۇبىي چېتىدۇر.

**سوئال:** ئايدا نېمە ئۈچۈن ئادەم يوق؟

**جاۋاب:** ئايدا ھاۋا ۋە سۇ يوق، تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆزگىرىشىمۇ ناھايىتى تۇراقسىز. تېمپېراتۇرا تۇرۇپلا يۇقىرىلاپ 127°C قىچە ئىسسىق بولسا، تۇرۇپلا تۆۋەنلەپ 183°C قىچە سوغاق بولىدۇ. شۇڭا، بۇ خىل شارائىتتا ئادەم ۋە باشقا جانلىقلار ھايات كەچۈرەلمەيدۇ.

**سوئال:** زۆھرە يۇلتۇزدا تاغ بارمۇ؟

**جاۋاب:** 1978 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئامېرىكىنىڭ «باشلامچى» ماركىلىق ئالەم كېمىسى زۆھرە يۇلتۇزى



AltunOq

ئۇستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئىشەنچلىك نەتىجىگە ئېرىشتى. ئۇلارنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، زۇھرە يۇلتۇزدا ئۇزۇنلۇقى 3200 كىلومېتىر، كەڭلىكى 1600 كىلومېتىر كېلىدىغان بىر تاغ تىزمىسى بار بولۇپ، ئۇ، شىمالىڭ ئېگىزلىكىدىنمۇ چوڭ ئىكەن. ئۇنىڭدىكى بىر تاغنىڭ ئېگىز- لىكى جومولاڭما چوققىسىدىنمۇ ئېگىز ئىكەن. بۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭدا ئىككى چوڭ يانار تاغمۇ بار ئىكەن.

### بىلەمسىز؟

△ پاقىنىڭ گەرچە ئاغزى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ سۇنى ئىچمەيدۇ، بەلكى تېنىگە ئېھتىياجلىق بولغان سۇنى پۈتۈنلەي تېرىسى ئارقىلىق سۈمۈرىدۇ.

△ چېكەتكىنىڭ قۇلىقى بېشىدا ئەمەس، بەل- كى ئالدى پۇتىنىڭ پاچىقىدا بولىدۇ.

△ تۆگە تومۇزنىڭ تونۇردەك قىزىقىدا چۆل- دە كېتىۋېتىپ، 5 كۈنگىچە بىر تامچە سۇ ئىچمى- سىمۇ ھېچنېمە بولمايدۇ، قىش كۈنلىرى بولسا 25 كۈن سۇ ئىچمىسىمۇ بەرداشلىق بېرەلەيدۇ.

△ سۇ ئېتىنىڭ ئاغزى ناھايىتى چوڭ بو- لۇپ، كىچىك قولۋاقنى بىرلا چايناپ ئىككى پارچە قىلىۋېتەلەيدۇ.

## غەربكە قاراپ مېڭىپ، شەرقتىن كېلىش

يەر شارى يۇمىلاقمۇ ياكى چاسىمۇ؟ ھازىر كىمكى بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويسا، چوقۇم كۈلكىلىك ھېس قىلىمىز. لېكىن بۇنىڭدىن 500 نەچچە يىل ئىلگىرى بۇ ئىككى خىل قاراش ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن كەسكىن كۈرەش بولۇپ ئۆتكەن.

ئۇ چاغدا فېئودال ئاقسۆڭەكلەر ۋە دىندارلار يەر ھەرىكەتسىز تىنچ تۇرىدۇ، ئۇ، خۇدا ياراتقان تۈز، پايانسىز يەر، دەپ تەرغىب قىلىشاتتى. بىر قىسىم ئالىملار بولسا، يەر كائىناتتىكى ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدىغان شارسىمان جىسىم دەپ ھۆكۈم قىلغان ئىدى. پەن بىلەن خۇراپىلىق، ھەققانىيەت بىلەن سەپسەتە، پاكىت بىلەن جۆيلىنىش ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۈرەش جەريانىدا، ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان ياش ماگېللان توغرا تەرەپتە چىڭ تۇرۇپ، يەرنىڭ يۇمىلاق ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشەندى.

ئۇ يەنە، شۇنچىۋالا چوڭ يەرنىڭ يۇمىلاق ئىكەنلىكىنى قانداق قىلىپ ئەڭ قايىل قىلارلىق ئۇسۇل بىلەن ئىسپاتلىغىلى، قانداق قىلغاندا يەرنىڭ شەكلىنى سىزىپ چىققىلى بولار؟ دەپ ئويلايتتى.

ماگېللان بىر قېتىم كېمە ئەترىتىنىڭ يىراق شەرققە بېرىش سەپىرىگە قاتناشتى. ئاپپاق يەلكەنلىرىنى كۆتەرگەن كېمىلەر زۇمرەتتەك پايانسىز دېڭىزدا ئۈزۈپ كېتىۋاتاتتى.

ماگېللان كېمىنىڭ باش تەرىپىدە تۇرۇپ، ئۇپۇققا نەزەر تاشلايتتى. كۆڭلىدە بولسا: «ئەگەر كېمىلەر يىراق شەرققە بارغاندىن كېيىنمۇ توختىماي داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ كېتىۋەرسە قانداق بولار؟ يەر يۇمىلاق بولسا، ئايلىنىپ يەنە پورتۇگالىيىگە قايتىپ كېلەلەمدۇ؟» دەپ ئويلاپ قالدى.

ماگېللاننىڭ بۇ ئاجايىپ دادىل پىكرى، ئۇنىڭ ئۆزىنىمۇ ھەيران قالدۇردى. بۇنىڭدىن ھاياجانلىنىپ كېيىن- خانىسىغا يۈگۈرۈپ كىرگەن ماگېللان، بىر يۇمىلاق شارنى تېپىپ ئۇيان - بۇيان ئايلاندۇرۇپ كۆرۈشكە باشلىدى. ئۇ شار ئۈستىگە بىر چېكىت قويۇپ، بارمىقىنى شارنى بويلىتىپ بىر ئايلاندۇرغاندا، يەنە ھېلىقى چېكىت ئۈستىگە كەلدى.

شۇنىڭ بىلەن، ماگېللان يەرنى ئايلىنىپ سەپەر قىلىپ، ئۇنىڭ يۇمىلاق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا قەتئىي بەل باغلىدى.

ماگېللان پورتۇگالىيىگە قايتقاندىن كېيىن، قوللاشقا ئېرىشىش ئۈمىدىدە ئويلىغانلىرى ۋە كونكرېت پىلانىنى پادىشاھقا مەلۇم قىلدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ قوللاش ئەمەس، بەلكى مەسخىرە ۋە زەردىلىك سۆزلەرنى ئاڭلايدىغانلىقىنى كىمنىڭ ئېسىگە كەلسۇن؟

غەزەپلەنگەن ماگېللان پورتۇگالىيىدىن ئايرىلىپ، ئىسپانىيىگە باردى. ئىسپانىيە پادىشاسى ئۇنىڭغا خۇددى كولۇمبوغا مۇئامىلە قىلغانغا ئوخشاشلا، ئىنتايىن سېخىيلىق بىلەن كېمە، خادىم ۋە باشقا لازىملىق نەرسىلەرنى تەييارلاپ بەردى.


1519 - يىلى 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، 39 ياشلىق ماگېللان 5 ئېكسپېدىتسىيەچى كېمە ۋە 265 دېڭىزچىنى باشلاپ، تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن ئىسپانىيە پورتىدىن ئاتلانتىك ئوكيانغا قاراپ ئۈزۈپ كەتتى. بوران ۋە دولقۇنلار بىلەن ئېلىشىپ، ئاتلانتىك ئوكيانىنى كېسىپ ئۆتكەن ماگېللان، جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى بىرازىلىيە قىرغاقلىرىغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار يەنە 1520 - يىلى 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى جەنۇبىي ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىي تۇمشۇقىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، بىپايان تىنچ ئوكيانغا كىردى.

ئۇلار قاتمۇ - قات جاپا - مۇشەققەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، 1521 - يىلى باھاردا فىلىپپىنغا يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا ئۇلار يەرلىك ئاھالە بىلەن توقۇنۇشۇپ قالدى، ماگېللان ئۆلتۈرۈلۈپ، ئىنتايىن بەختسىزلىك يۈز بەردى. بۇنىڭ بىلەن يەرنى ئايلىنىپ سەپەر قىلىش، يەنە بىر قېتىم يېڭى سىناققا دۇچ كەلدى. ئەمما، قەيسەر دېڭىزچىلار ماگېللاننىڭ ئارزۇسى بويىچە غەربكە قاراپ يۈرۈش قىلىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى.

ماگېللاننىڭ كېمە ئەترىتى ھىندى ئوكياندىن ئۆتۈپ، ئۈمىت تۇمشۇقىنى ئايلىنىپ، 1522 - يىلى 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئىسپانىيە پورتىغا قايتىپ كەلدى. يەر شارىنى ئايلىنىپ سەپەر قىلىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ تارىخىي ۋەزىپە غەلىبىلىك ئادا قىلىندى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، يەر شارىنىڭ يۇمىلاق ئىكەنلىكى نەزەرىيىدىكى يەكۈن ئاخىرى ئېتىراپ قىلىنىپ، ئىنسانلارنىڭ يەر شارى ئۈستىدىكى تەتقىقاتى يېڭى سەھىپە ئاچتى.

**خەنزۇچىدىن: ئابدۇۋەلى مەمتىلى تەرجىمىسى**



# تۇخۇمنى تىك تۇرغۇزۇش

1492 - يىلى 10 - ئايدا، كولۇمبو ئامېرىكا قىتئەسىنى تاپتى.

ئەينى ۋاقىتتا، ياۋروپادىن شەرققە بارىدىغان قۇرۇقلۇق قاتناش يولى ئاللىبۇرۇنلا ئېچىلغان ئىدى، كولۇمبو شەرققە دېڭىز ئارقىلىق بارىدىغان قاتناش يولىنى ئېچىشنى ئويلايتتى. ئۇ: «يەر شارىنىڭ يۇمىلاق ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن ئىكەنمەن، بەلگىلىك كېمە بىلەن ياۋروپادىن غەربكە قاراپ يولغا چىقسام، ئاسىيا شەرق دۆلەتلىرىگە بېرىش، دېمەك بولالىشىمغا ئىشەنچىم كامىل» دەيتتى.

كولۇمبونىڭ بۇ ئويى ئىسپانىيە پادىشاسى ۋە خانىشىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەچچە ئونلىغان دېڭىزچىنى باشلاپ، بىپايان ئاتلانتىك ئوكيانىنى كېسىپ

ئۆتۈپ، يېڭى چوڭ قۇرۇقلۇقنى تاپتى. لېكىن ئۇ، شۇ چاغدا ئامېرىكا قىتئەسىنى ھىندىستان دەپ خاتا تونۇپ قالغان ئىدى.

1493 - يىلىنىڭ باشلىرىدا، كولۇمبو ئىسپانىيىگە قايتىپ كەلدى، كىشىلەر يولنىڭ ئىككى ياقىسىدا تۇرۇپ قارشى ئالدى، پۈتۈن مەملىكەت تەنتەنە قىلىپ ئۇنى تەبرىكلىدى. پادىشا ۋە خانىش ئۇنى خان ئوردىسىدا كۈتۈۋالدى، پۈتۈن ئىسپانىيە خۇشاللىققا چۆمۈلدى.

لېكىن بەزى ۋەزىرلەر، ئاقسۆڭەكلەر، بىلەرمەنلەر ئۇنىڭ كەشپىياتىغا ھەسەتخورلۇق قىلىشتى. ئۇلار: «كولۇمبو قانچىلىك نەرسىتى، باشقىلار ئاتلانتىك ئوكياننى كېسىپ ئۆتۈپ، يېڭى چوڭ قۇرۇقلۇقنى تاپالمامدى؟» دېيىشتى.

بۇ كۈنى، پادىشا كولۇمبونىڭ شەرىپىگە تەنتەنىلىك زىياپەت بەردى. زىياپەتتە بىرنەچچەيلەن كولۇمبونىڭ يۈزىگىلا ئۇنىڭ كەشپىياتىنى مەسخىرە قىلىپ، پادىشا ۋە جامائەت ئالدىدا يەرگە قاراتماقچى بولۇشتى.

— كولۇمبو، سەن دېڭىزنىڭ ئۇ قېتىدا يېڭى چوڭ قۇرۇقلۇق تاپتىڭمۇ؟ — ئۇلار ھەيران قالغان قىياپەتتە كۆرۈنۈپ، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كولۇمبوغا دارتىلاشقا باشلىدى، — ئۇ قانچىلىك ئىش ئىدى، ئۇ ئۈنچىۋالا تاڭ قالغۇدەك كاتتا ئىش ئەمەس، ھەرقانداق ئادەم ئاتلانتىك ئوكياندىن توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، دېڭىزدىكى ئۇ ئارالنى تاپالايتتى. لېكىن ئۇ ساڭا ئۇچراپ قاپتۇ، راستىنى ئېيتقاندا، بۇ ھەرقانداق ئادەمنىڭ قولىدىن

كېلىدىغان ئاتچىكى بىر ئىش.

كولۇمبو ئۈنچىقمىدى. ئۇلار مەسخىرە ۋە تەنە قىلىپ تازا كۆرەڭلەپ كەتكەن ۋاقىتتا، كولۇمبو ئۈستەل ئۈستىدىن بىر دانە تۇخۇمنى قولىغا ئېلىپ، كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— كىم بۇ تۇخۇمنى تۇمشۇقىنى يەرگە قارىتىپ تىك تۇرغۇزالايدۇ؟ — دېدى.

بۇ مەسىلە تۇيۇقسىز ئوتتۇرىغا قويۇلغاچقا، سورۇندىكىلەرگە بەك غەلىتە تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇلار بىر - بىرىگە ھالاق - تالاق بولۇپ قارىشىپ، نېمە قىلىشىنى بىلەي قېلىشتى.

لېكىن ھېلىقىلار كولۇمبونىڭ ئالدىدا ئىقتىدارسىزلىقىنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن، ھەر بىرسى تۇخۇمنى قولىغا ئېلىپ سىناپ باقتى، ئارقىدىنلا يەنە بىرسى ئۇيان - بۇيان قىلىپ باقتى - يۇ، ھېچقايسىسى بۇ يۇمىلاق تۇخۇمنى سىلىق ئۈستەل ئۈستىدە تىك تۇرغۇزالمىدى. ئاخىرى ئۇلار: «بۇ ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدىغان ئىش» دەپ بىردەك خۇلاسە چىقاردى.

بۇ چاغدا[1] كولۇمبو ھېلىقى تۇخۇمنى قولىغا ئېلىپ، تۇمشۇقىنى ئۈستەلگە يېنىككىنە بىرنى چەكتى، تۇخۇم تۇمشۇقىنىڭ كىچىككىنە يېرى ئېزىلىپ، ھېچقانداق تەمتىرىمەي تىك تۇرۇپ قالدى.

سورۇندىكىلەر ھەيران قېلىشتى، لېكىن بەزىلەر شۇ ئانلا غەۋغا كۆتۈرۈشۈپ:

— تۇخۇم چېقىلدى، ھېساب ئەمەس، ھېساب ئەمەس! — دېيىشتى.

— مۆھتەرەملىك جاناپلار، مەن چېقىشقا بولمايدۇ دېمىگەنىدىمغۇ؟ — دېدى كولۇمبو، — تۇخۇمنى تىك تۇرغۇزۇش ھەممە ئادەم قىلالايدىغان ئاسان ئىش، لېكىن سىلەر ئۇنى ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئىش دېدىڭلار. باشقىلار تۇخۇمنى

تۇرغۇزالسا، ئىسلەر يەنە، بۇ شۇنچىلىك ئوڭاي ئىشقۇ، ئۇنى ھەرقانداق ئادەم قىلالايدۇ دېيىشىدۇ، ئەپەندىلەر، تەنە، مەسخىرە ۋە نارازىلىق ئىقتىدارسىزلىقنى يوشۇرالمايدۇ.

ھىلىقى ئۆزلىرىنى ئەقىللىق چاغلىغانلارنىڭ تىلى تۇتۇلۇپ، زۇۋان چىقىرالماي قېلىشتى.

خەنزۇچىدىن: ياسىن تەرجىمىسى

## چىش ۋە تىل

بىر كۈنى، كوڭزى تالىپلىرىنى باشلاپ، لاۋزىنىڭ ئالدىغا تەلىم سوراپ كەپتۇ. تازا قېرىلىق يېتىپ، موكچىيىپ ئولتۇرغان لاۋزى ئاياق تاۋۇشلىرىنى ئاڭلاپ كۆزىنى ئېچىپتۇ. كوڭزى ئالدىراپ ئېڭىشىپ سالام بېرىپتۇ-دە:

— كەمىنە شاگىرتلىرى كۆپ چوڭ ئۆزلىرىدىن تەلىم سوراپ كەلدىم، — دەپتۇ.

بىر ھازا ۋاقىتتىن كېيىن لاۋزى ئاغزىنى ئېچىپ، بارمىقى بىلەن چىشىنى كۆرسىتىپتۇ-دە:

— قاراپ بېقىڭ، چىشلىرىم قانداق تۇرۇپتۇ؟ — دەپتۇ.

— ھەممىسى چۈشۈپ كېتىپتۇ، — دەپتۇ كوڭزى.

— تىلىم قانداق تۇرۇپتۇ؟ — دەپ سوراپتۇ لاۋزى يەنە تىلىنى چىقىرىپ.

— ساق تۇرۇپتۇ، — دەپتۇ كوڭزى.

لاۋزى سۆزىنى تۈگەتمەيلا، كۆزىنى يۇمۇپ ئارام ئېلىشقا باشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كوڭزى تالىپلىرىنى باشلاپ مەدرىسىگە قايتىپتۇ.

— سىلى تەلىم ئالغىلى كەلگەنمۇ؟ ھېچنېمىنى

سورىمايلا قايتىمىزمۇ؟ — دەپ سورايتتۇ تاللىپىلىرى ئەجەپ-لەنگەن هالدا.

كۆڭزى قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ-دە، تاللىپىلىرىغا قاراپ:

— لاۋزى: چىشىنىڭ قاتتىق، تىلىنىڭ يۇمشاق بولىدىغانلىقىنى، ئەمما، بۇ قاتتىق چىشنىڭ يۇمشاق تىلغا تەڭ كېلەلمەگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى، بۇ تەلىم بولماي نېمە؟ — دەپتۇ.

## چاقماق ۋە چاقماق تېشى

چاقماق ئازا كېلىشتۈرۈپ چاقماق تېشىنى چېقىپتۇ، چاقماق تېشى بۇنى هار ئېلىپ چاقماققا:

— ماڭا چېقىلمىسام، مېنى نېمىشقا ئۇرىسەن، تۇغۇشماسلىق بولدىمۇ-نېمە؟ ماڭا ئازار بەرمە، مەن ئەزەلدىن باشقىلارغا تېگىپ باققان ئەمەس، — دەپتۇ.

— خاپا بولما دوستۇم، بىكاردىن-بىكار بۇنداق قىلمىۋاتقىنىم يوق، — دەپ كۈلۈمسىرەپ جاۋاب بېرىپتۇ چاقماق، — ئازراق چىداشلىق بەرسەڭ، سېنى هەيران قالدۇرىدىغان، سەندىن مۆجىزە چىقىرىدىمەن.


بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان چاقماق تېشى جىم تۇرۇپ چاقماقنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرىپتۇ، ئاخىرى چاقماق تېشىدىن ئۇچقۇن چاقناپتۇ، چاقماق تېشىنىڭ بەرداشلىق بەرگەنلىكى بىكار قالماي، ئۇنىڭدىن مۆجىزە كۆرۈلۈپتۇ.

بۇ مەسەل ئۆگىنىشتىن قورقىدىغان كىشىلەرگە قارىتىلغان. ئەگەر سىز بەرداشلىق بېرەلىسىڭىز ۋە تىرىشىپ ئىزدەنسىڭىز، چاچقان بىلىم ئۇرۇقلىرىڭىز چوقۇم يىخ چىقىرىدۇ. بىلىمنىڭ يىلتىزى ئاچچىق، مېۋىسى تاتلىق بولىدۇ.

خەنزۇچىدىن: كېرىم يۈسۈپ تەرجىمىسى

# راكېتا بىلەن قارىغا ئېتىش

پۈۋلەپ ئاتىدىغان كىچىك راكېتا بىلەن ئايرۇپىلان، تانكا، ئىستىھكام قاتارلىق قارىلارنى ئىككى مېتىر يىراقلىقتىن قارىغا ئېلىپ ئاتقىلى بولىدۇ. ساۋاقداشلار، ئۇنىڭدىن بىرنى ياساپ، كىمنىڭ يىراققا، نىشانغا ئاتالايدىغانلىقى ئۈستىدە مۇسابىقىلىشىپ باقايلى. بۇنىڭ ئۆزىكىنى چېنىقتۇرۇشتا زور پايدىسى بار.



ماتېرىياللار:

قېلىن قەغەز، قاتتىق قەغەز (ياكى بوغداي غولى)، شىلىم قاتارلىقلار.

ياساش ئۇسۇلى:

1. راكېتا گەۋدىسى قېلىن قەغەزدىن، قانات ـ قۇيرۇقلىرى قاتتىق قەغەزدىن ياسىلىدۇ. (1 ـ رەسىم)

2. راكېتا قويۇپ بېرىش تۇرۇبىسىمۇ قېلىن قەغەزدىن ياسىلىدۇ. بىراق ئۇ راكېتا تۇرۇبىسىنىڭ ئىچىگە مۇۋاپىق كىرەلەيدىغان دەرىجىدە ئىنچىكە ياسىلىشى لازىم. (2 ـ رەسىم)



Altun0q




3. قارا چەمبىرەكنى ۋە قارا تاختىنى قاتتىق قەغەزدىن ياساپ، تاختا ئۈستىگە رەسىم سىزىلىدۇ (3 - رەسىم)

راكېتا ۋە راكېتا قويۇپ بېرىش تۇرۇبىسىنى بۇغداي غولىدىن ياسىسىمۇ بولىدۇ.

## تۇخۇمنى سۇ ئىچىدە مۇئەللەق تۇرغۇزۇش

ئاغزى كەڭ بىر شىشە تەييارلاپ، ئىچىگە يېرىمىراق تۇزلۇق سۇ قۇيۇڭ. ئاندىن يېڭى تۇخۇمدىن بىرنى سېلىڭ. سىز شىشە ئىچىدىكى بۇ تۇخۇمنى 1 - رەسىمدىكىدەك سۇ ئۈستىدە لەيلەتكۈزمەي ھەم 3 - رەسىمدىكىدەك سۇ تېگىگە چۆكتۈرىۋەتمەي، 2 - رەسىمدىكىدەك سۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇئەللەق لەيلىتىپ تۇرغۇزالامسىز؟



جاۋاب: تۇزلۇق سۇنىڭ لەيلىتىش كۈچى سۈزۈك سۇنىڭكىغا قارىغاندا زور بولىدۇ. ئەگەر تۇخۇم سۇ يۈزىگە چىقىپ لەيلەپ تۇرغان بولسا، بىر ئاز سۈزۈك سۇ قۇيۇش كېرەك؛ ئەگەر تۇخۇم سۇ ئاستىغا چۆكۈپ تۇرغان بولسا، يەنە بىر ئاز تۇز سېلىش كېرەك. شۇندىلا تۇخۇم سۇنىڭ ئىچىدە مۇئەللەق لەيلەپ تۇرىدۇ.

# جاۋۇردىن مۇز ئېلىش



بىر پارچە مۇز تېپىپ قۇرۇق جاۋۇرنىڭ ئىچىگە سېلىڭ. ئاندىن جاۋۇرغا قولىڭىزنى سالماستىن، بىر تال شوينىنى ئىشقا سېلىپلا مۇزنى جاۋۇردىن ئالالامسىز؟

جاۋاب: شوينىنىڭ بىر ئۇچىنى ھۆل قىلىپ مۇز ئۈستىگە قويىمىز-دە، ئاندىن مۇزنىڭ شوينا تۇرغان يېرىگە بىر چىمدىم تۇز چاچىمىز. نەتىجىدە تۇز شوينا ئۇچىنىڭ چۈرىسىدىكى مۇزنى ئېرىتىدۇ، بىراق ھايال ئۆتمەيلا يەنە باشقىدىن قېتىشىپ، شوينا ئۇچى مۇز بىلەن بىرىكىپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا سىز شوينىنى ئاستا كۆتەرسىڭىز، جاۋۇر ئىچىدىكى مۇز بىللە كۆتىرىلىپ چىقىدۇ.

## تۇخۇمنى ئىستاكانغا چۈشۈرۈش



ئىستاكانغا يېرىم سۇ قويۇپ، جوزا ئۈستىگە قويىسىز، ئاندىن يەنە بىر پارچە قاتتىق قەغەز، بىر تال ئويماق ۋە بىر دانە پىشىق تۇخۇم تەييارلاپ رەسىمدىكىدەك قويىسىز. سىزنىڭچە، تۇخۇمنى جوزىغا چۈشۈرۈۋەتمەي قاتتىق قەغەزنى ئېلىۋېتىش مۇمكىنمۇ؟ سىز رەسىمدىكىدەك چارە بويىچە قىلىپ بېقىڭ.

نەتىجە: ئوتتۇرا بارماق بىلەن قاتتىق قەغەزنى بىرلا چەككەندە، قەغەز چىقىپ كېتىدۇ-دە، ئويماق بىلەن تۇخۇم ئىستاكان ئىچىگە چۈشىدۇ.



## كۆيسىمۇ ئۈزۈلمەيدىغان يىپ

«يىپ كۆيسىمۇ ئۈزۈلمەيدىغان ئىش بولامدۇ؟» دەپ ھەيران قېلىشىڭىز مۇمكىن. ئىشەنمىسىڭىز قىلىپ كۆرۈڭ (رەسىمدىكىدەك).

ئالدى بىلەن مىخ ياكى ئىلمەكنى 10 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى پاختا يىپنىڭ بىر ئۇچىغا چىگىپ، ئاندىن پاختا يىپنى قېنىق راق بولغان تۇز سۈيىگە بىردەم چىلاڭ، ئۇنىڭدىن كېيىن يىپنى ئېلىپ، ئۇنىڭ يەنە بىر ئۇچىنى قېتىقلىق مىخقا چىگىپ، ئېسىپ قويۇڭ. يىپ قۇرۇغاندىن كېيىن پەس تەرە-

(ئاخىرى 90 - بەتتە)

## نېمە ئۈچۈن بەزىدە گال ئاغرىپ قالىدۇ؟

گال ئاغرىقى ئەسلىدە بادامسىمان بېزىنىڭ ئۆتكۈر ياللۇغلىنىشى ۋە مىكروپلىنىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ. گال ئاغرىسا ھەر خىل كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭدىن ساقلىنىش ئۈچۈن تازىلىققا رىئايە قىلىپ تاماقتىن بۇرۇن، تەرەتتىن كېيىن قول يۇيۇشنى ئادەت قىلىش، كۆرگەنلا نەرسىلەرنى قالايمىقان تۇتماسلىق، بەدەننى چېنىقتۇرۇپ، بەدەننىڭ كېسەللىكلەرگە بولغان قارشىلىق كۈچىنى ئاشۇرۇش لازىم. گال ئاغرىش يېنىكرەك بولۇپ، كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلمىسە قېنىق دەملەنگەن تىزىمان چايغا بىر قوشۇقتەك ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ غار-غار قىلىش كېرەك (ئىچمەسكە بولمايدۇ). ئەگەر كېسەل ئېغىرراق بولۇپ، گال قىزىرىپ ئاغرىپ، بەدەندىكى قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتسە، دەرھال دوختۇرغا كۆرۈنۈش كېرەك.

## يالغان سۆزلەش سالامەتلىككە زىيانلىق

كىچىك دوستلار! يالغان سۆزلەش بىر خىل ناچار ئەخلاق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ سالامەتلىككە بولغان زىيىنىمۇ ناھايىتى زور.

يالغان سۆزلىگەندە ئادەم بەدىنى بىر خىل ھورمون ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ، ئۇ يۈرەك ھەركىتىنى تېزلىتىپ، نەپەس

ئېلىشىنى قولايسىزلىق كەلتۈرىدۇ، قان بېسىمنى ئۆرلىتىۋېتىدۇ ھەممىدە ئاق قان دانىچىلىرىنىڭ سانىنى ئازايتىپ، پۈتكۈل بەدەننىڭ كېسەللىككە قارشىلىق كۈچىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. شۇڭا، يالغان سۆزلىگەن كىشىلەر جىددىيلىك ۋە ئەندىشىلىك كەيپىيـياتتا چۈشۈپ قالىدۇ، بۇ ئەھۋال قان بېسىم، ئاشقازان يارىسى، باش ئاغرىش، ئۇيقۇسىزلىق قاتارلىق كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ. ئەگەر ئۆزىمىزدە يالغان سۆزلەيدىغان ئادەت بولسا، بۈگۈندىن باشلاپ ئۆزگەرتىڭ.

## تاماقنى ھەددىدىن كۆپ يېسە زېھىن ئاجىزلىشىدۇ

ئېدىسون «كەشپىياتچىلار بوۋىسى» دەپ نام ئالغان ئاتاغلىق ئالىم.

بىراق، بۇ كەشپىياتچى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان باللىق چاغلىرىدا، ئوقۇتقۇچىلار تەرىپىدىن «دۆت» دەپ كەمسىتىلـگەن ئىدى. كېيىن ئۇ مەكتەپتىن قوغلاندى. جان بېقىش ئۈچۈن ئۇ ھەر تەرەپكە دوقۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. لېكىن، ئۇ يېرىم ئاچ، يېرىم توق ئۆتكەن كۈنلىرىدىمۇ، ئىشتىن سىرتقى تەتقىقاتنى توختاتمىدى. ئۇ بۇ جەرياندا قىزىقارلىق بىر قانۇنىيەتنى ــ تويۇپ تاماق يېيىش بىلەن زېھىن ئاجىزـلىشىشنىڭ مۇناسىۋىتى بارلىقىنى بىلىۋالدى. بۇ مۇناسىۋەت: ئادەم تاماق يېمىسە بولمايدۇ، بىراق، ھەددىدىن زىيادە كۆپ يېسە ئاشقازاننىڭ «خىزمىتى» كۆپىيىپ كېتىدۇ ـ دە، قاننىڭ كۆپ قىسمى ئاشقازانغا بېرىپ، ھەزىم قىلىش خىزـمىتىگە قاتنىشىدۇ، مېڭىگە بولسا قان يېتىشمەي ئىقتىدارى

تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىن، «تاماقنى ھەددىدىن كۆپ يېسە زېھىن ئاجىزلىشىدۇ» دەپ خۇلاسە چىقىرىش مۇمكىن.

ھازىرقى زامان ئىلىم-پەنى، تاماقنى ھەددىدىن كۆپ يېيىشنىڭ ئىنسانىيەتكە زىيىنى باركى، پايدىسى يوق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. بولۇپمۇ بەزى كىچىك دوستلار ياخشىراق نەرسىنى كۆرۈپ قالسا، ئۆز نەپسىنى باشقۇرالماي، تويغان-تويمىغىنىنى بىلمەي، جىقراق يەپ سالىدۇ. بۇنىڭغا دىققەت قىلمىسا، سالامەتلىككە زىيانلىق تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، زېھنى قابىلىيىتىنىمۇ ئاجىزلاشتۇرىدۇ. ئاشقازاننىڭ «خىزمىتى» كۆپىيىپ كېتىپ، قاننىڭ ئاشقازانغا توپلىشىۋالىدىغانلىقىنى نەزەرگە ئالمىغاندىمۇ، تاماقنى ھەددىدىن زىيادە كۆپ يېيىشنىڭ ئۆزى كىشىلەرنى ئاشقازان سىستېمىسى كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار قىلىدۇ.

**ماتېرىيالدىن: س. ياسىن**

(بېشى 87-بەتتە)

پىنگە ئوت تۇتاشتۇرۇپ كۆيدۈرسىڭىز، چەنگىلەك مىخ چۈشۈپ كەتمەيدۇ.

يىپنىڭ كۆيمەسلىكىدىكى سەۋەب:

پاختا يىپقا سىڭگەن تۇز كۆيمەيدۇ، پاختا يىپ كۆيۈپ بولغاندىن كېيىن، يىپ سىرتىدا بەك نېپىز بىر قەۋەت تۇز پوستى قېلىپ قالىدۇ. بىراق، بۇ تۇز پوستى ناھايىتى چۈرۈك بولۇپ، سەللا تېگىپ قويسا ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ.

# سىرلىق قەۋرە تېشى



قەدىمقى
يۇنانلىق مەشھۇر
ماتېماتىك دىئو-
فانتنىڭ قەۋرە
تېشىغا كىشىنى
چوڭقۇر ئويغا سا-
لىدىغان مۇنداق
سۆزلەر يېزىلغان:
«يولۇچىلار!
بۇ يەرگە دىئوفانت-
نىڭ جەسەت كۈلى
كۆمۈلگەن، تۆۋەن-
دىكى سانلار سىزگە
ئۇنىڭ زادى قان-
چىلىك ئۆمۈر كۆر-
گەنلىكىنى دەپ
بېرىدۇ.
ئۇنىڭ ئۆمرى-
نىڭ ئالتىدىن بىر
قىسمى بەختىيار بالىلىق دەۋر.
ئۇ ئۆمرىنىڭ يەنە ئون ئىككىدىن بىر قىسمىنى ئۆت-

ئۆزگەندىن كېيىن مۇرۇتى خەت تارتقان.

دېئوفانت ئۆيلەنگەن، لېكىن پەرزەنت كۆرمىگەن. ئۆمرىنىڭ يەتتىدىن بىر قىسمىنى شۇ تەرىقىدە ئۆتكۈزگەن.

يەنە بەش يىل ئۆتكەندىن كېيىن تۇنجى ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈپ ناھايىتى بەختلىك ياشىغان. ئەپسۇسكى، تەقدىر بۇ بالىنى دۇنيادىكى شانلىق، پارلاق ھاياتنى ئاتىسى كۆرگەن ئۆمرىنىڭ يېرىمىغا تەڭ ۋاقىت ئىچىدە ئاياقلاشتۇرۇشنى نېسىپ قىلغان.

ئوغلى ئۆلگەندىن كېيىن، بۇ بوۋاي قاتتىق ھەسرەت ئىچىدە تۆت يىل ياشاپ، پانى دۇنيادىكى ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغان.

ئېيتىڭلارچۇ، دېئوفانت قانچە يېشىدا جەبرائىل بىلەن كۆرۈشكەن؟

## ئۇ قانداق قىلىپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلدى

بۇرۇنقى زاماندا، بىر پادىشاھنىڭ ئەقىل-ئىدرەك ۋە كۈچ-قۇدرەتتە كامالەتكە يەتكەن بىر ئوغلى بار ئىكەن. ئۇ بالا شۇنداق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغىنى ئۈچۈن، خەلق ئۇنى چىن كۆڭلىدىن ھۆرمەتلەيدىكەن. بىراق بۇ شاھزادىنى كۆرەلمىگەن ۋەزىرنىڭ ھەسەتخور بالىسى ئۇنى يوقىتىشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ. شاھزادە بۇنىڭدىن بىخەۋەر ئىكەن.

بىر ئاخشىمى شاھزادە ئايدىڭدا سەيلە قىلىپ يۈرۈپتۇ. ۋەزىرنىڭ بالىسى بۇنى شاھزادىنى يوقىتىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى دەپ بىلىپ، زەھەردە سۇغۇرۇلغان شەمشىرىنى ئېلىپ



تۇ - دە، شاھزادىنىڭ كەينىدىن كېلىپ شەمشەرنى ئۇرۇشقا. شاھزادە چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، ۋەزىرنىڭ بالىسى ھەركىتىنىڭ سالمىقى بىلەن دۈم يىقىلىپتۇ ۋە ئەقىللىق شاھزادىنىڭ قولىغا چۈشۈپتۇ. كىچىك دوستلار، تېپىڭلارچۇ، شاھزادە بۇ تۇيۇقسىز ئۆلۈمدىن قانداق قۇ- تۇلدى؟

تۈزگۈچى: ئادىلجان ھەسەن

سەمىمىي بولۇش دېگەن نېمە؟ سەمىمىي بولۇش دېگەنلىك — سەمىمىي گەپ قىلىش، سەمىمىي ئىش قىلىش، سەمىمىي ئادەم بولۇش دېگەنلىكتۇر.

# مۇغەمبەر تۈلكە

تۈلكە يولدا كېتىۋېتىپ، ئېيىققا ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئېيىقنىڭ قولىدا تۆت باش سەۋزە بار ئىكەن، مۇغەمبەر تۈلكە ئېيىققا قاراپ:

— ئاداش، مەندىمۇ ئىككى باش سەۋزە بار، ھەممىنى قوشۇپ شورپا قىلىپ ئىچەيلىمۇ؟ — دەپتۇ.

ئېيىق ماقۇل بولۇپتۇ، ئۇلار شورپىنى تەييار قىلىپ، ئەمدى ئىچەيلى دەپ تۇرۇشىغا بىر قاغا ئۇچۇپ كەپتۇ-دە، ئۇلارغا مۇراجەت قىلىپ:

— شورپاڭلارنى مەنمۇ بىللە ئىچەي، ئالتە بېلىقىم بار، ئۇنى سىلەرگە بەرسەم قانداق؟ — دەپتۇ.

ئۇلار ماقۇل بولۇپ، شورپىنى تەڭمۇ-تەڭ ئۈچ قاچىغا بۆلۈپتۇ-دە، ھەرقايسىسى بىردىن ئىچىپتۇ.

تۈلكە بىلەن ئېيىق بېلىقنى بۆلۈشۈۋالماقچى بولۇپتۇ.

— مېنىڭ سەۋزەم تۆت باش، سېنىڭ ئىككى باش بولغاندىن كېيىن، بېلىقنىمۇ شۇنداق بۆلۈشەيلى، سەن ئىككىنى ئالغىن، مەن تۆتنى ئالاي، — دەپتۇ ئېيىق.

بۇ گەپ تۈلكىگە راسا خوش يېقىپتۇ-دە، شۇنداق بۆلۈشۈپتۇ، شۇندىن كېيىنلا تۈلكە پۈتكۈل ئورمانلىق ئىچىنى ئايلىنىپ، ئۇچرىغانلىكى ھايۋانغا:

— مەن ئېيىقنى ئالداپ كەتتىم، — دەپ ماختىنىپتۇ.

سىز ئويلاپ بېقىڭ، تۈلكە نېمە ئۈچۈن ئېيىقنى ئالدىدىم دەيدۇ، ئۇلار بېلىقنى قانداق بۆلۈشسە توغرا بولاتتى؟



Altun0q

## «سىرلىق قەۋرە تېشى»نىڭ جاۋابى

بۇ سىرلىق مەسىلىنى پەقەت ئالگېبرا ئارقىلىقلا ھېساپلاپ چىققىلى بولىدۇ:

ئەگەر دىئوفانتنىڭ ئۆمرىنى $x$ يىل دېسەك، ئۇ ھالدا قەۋرە تېشىدىكى تېكىستتىن مەلۇمكى، مەرھۇمنىڭ بالىلىق دەۋرى $x/6$ يىل.

$x/6$ يىلغا يەنە $x/12$ يىل قوشۇلغاندا، دىئوفانتنىڭ «بۇرۇتى خەت تارتقان» ھەم «ئۆيلەنگەن» يېشى چىقىدۇ.

ئۆيلەنگەندىن كېيىن $(x/7+5)$ يىل ئۆتۈپ ئۇنىڭ «تۇنجى ئوغلى تۇغۇلدى.»

«تۇنجى ئوغلى» تۇغۇلۇپ ئۆلۈپ كەتكىچە بولغان بۇ ئارىلىق $x/2$ يىل بولىدۇ.

يەنە تۆت يىل ئۆتۈپ دىئوفانت ۋاپات بولىدۇ.

بالىلىق ۋاقتىدىن باشلاپ ئۇنىڭ ۋاپاتىغىچە بولغان بۇ ھەر بىر باسقۇچلۇق مەزگىللەرنىڭ يىغىندىسى — دىئوفانتنىڭ ئۆمرى — $x$ يىلغا باراۋەر. شۇڭا، تۆۋەندىكى بىر نامەلۇملۇق بىرىنچى دەرىجىلىك تەڭلىمىنى تۈزۈپ چىققىلى بولىدۇ:

$$x = \frac{x}{6} + \frac{x}{12} + \frac{x}{7} + 5 + \frac{x}{2} + 4$$

نەتىجە: $x = 84$

دېمەك، دىئوفانت 84 يىل ئۆمۈر كۆرگەن.

ئۇ 21 يېشىدا ئۆيلەنگەن، 38 يېشىدا پەرزەنت كۆرگەن، ئوغلى 42 يىل ياشاپ ۋاپات بولغان.

# زېھىن سىناش مۇسابىقىسى

## 1-دەرىجىلىك سوئال:

1، 2، 3، 4، 5، 6، 7، 8، 9، 10، 11، 12، 13، 14، 15، 16، 17، 18، 19 دىن ئىبارەت 19 سانىنى 5 گورۇپپىغا بۆلۈڭ، ھەر بىر گورۇپپىدىكى سانلارنىڭ يىغىندىسى ئوخشاش بولسۇن. (ھەر بىر سانى بىر قېتىملا ئىشلىتىلىدۇ.)

## 2-دەرىجىلىك سوئال:

ئەخمەت مۇئەللىم خىزمەت ئالدىراش بولغانلىقتىن بەش كۈن ئۆيىگە قايتالمىدى. ئۇ خىزمىتىنى تۈگىتىپ ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن، بەش كۈنلۈك كالېندارىنى بىراقلا يىرتىپ تاشلىدى. بۇ بەش كۈنلۈك كالېنداردىكى سانلارنىڭ يىغىندىسى 45 بولسا، ئەخمەت مۇئەللىم ئۆيىگە نەچچىنچى چېسلا قايتىپ كەلدى؟

(بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابلىرى 1985-يىلى 4-ئاينىڭ 25-كۈنىدىن بۇرۇن يېتىپ كېلىشى شەرت.)

# مەكتەپتىن قايتقاندا!






# 塔里木花朵

（维吾尔文）
综合性月刊
1985年第3期
本刊代号：58－36
定　价：0.23元

# تارىم غۇنچىلىرى

(1985 - يىل 3 - سان)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى
مەملىكەت بويىچە ھەر قايسى جايلاردىكى پوچتا
ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ
ژۇرنال نومۇرى: 58 - 36 باھاسى: 0.23 يۈەن